شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال ، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2003

4



# بۇلاق

ISSN 1005-0876
08 >
9 771005 087006

源泉（布拉克）

www.uyghurkitap.com







ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

24-يىل نەشرى

ئومۇمىي 91-سان

www.uyghurkitap.com



# بۇلاق

2003 - يىللىق 4 - سان

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن          مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ........................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

فۇتۇۋۋەتنامە ........................ مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى (20)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەنۋەر تۇردى
دىۋانى مەۋلەۋىي يۈسۈف سەرىيامى............ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت (27)

### ئەجدادلار نەسىھىتى

«گۈلىستان» دىن پارچە ........................ مۇسلىھىددىن شەيخ سەئدى (32)
پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرەشىت ئىسلام

### تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە ........................ بارتولد (39)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر
توققۇز ئوغۇزلار ........................ فەرۇخ سۈمەر (48)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئايگۈل قادىر

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

نوبېلنىڭ تۈرتكىسى ۋە سۋېن ھېدىن.................... ئەركىن شېرىپ (64)
تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ رۇس مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ...... يۈسۈپجان ياسىن (69)

## دىن تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر......... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (79)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

سۇنغان ساتار.................. مىركەرىم ئاسىم (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) (96)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

«ئىككى ۋەقە» دىن ئىلىم - پەن روھى ۋە راست گەپ قىلىشقىچە ...... نۇسرەت تۇردى (105)
ئۇيغۇرلارنىڭ مەدداھلىق سەنئىتى توغرىسىدا ...... ئەخمەت مۆمىن تارىمى (110)

* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: جىلۋە . (ئىران ماي بوياق رەسىملىرىدىن)
تەمىنلىگۈچى: ئابدۇۋاھاپ قادىر
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بەتلىرىدىكى رەسىملەرنى نۇر-
مۇھەممەت ئابلىز سىزغان.

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)

# تارىخى رەشىدى [1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### ئۆبەيدۇللاخاننىڭ تۈركىستاندىن بۇخاراغا كەلگەنلىكى، بابىر پادىشاھ كۆلىمەلىك دېگەن جايغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىلگەنلىكى، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، تارىخقا توققۇزيۈز ئون يەتتە رەجەب ئېيىدا[2] بابىر پادىشاھ سەمەرقەندتە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ماۋەرائۇننەھر خەلقىنىڭ بابىر پادىشاھقا غايىبانە ئېتىقادى ۋە ئەقىدە - ئارزۇلىرى كۆپ ئىدى. بابىر پادىشاھنىڭ سەمەرقەندكە كەلگەندىن كېيىن شاھ ئىسمائىلغا بويسۇنغانلىقىنى ۋە تۈركمەن لىباسىنى كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ، خالايىقنىڭ ئەقىدىلىرى ياندى، كۆڭۈللىرى سوۋۇدى. شۇ يىلى قىش ئاخىرىغا يېتىپ، باھار يامغۇر تامچىلىرى بىلەن يەر سەھنىسىگە يېشىل چەكمەنلەرنى كىيگۈزدى. ئۆزبېكلەر تۈركىستاندىن تاشكەندكە كېلىپ يىغىلدى. ئۆبەيدۇللاخان يەتتەقۇدۇق يولى بىلەن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. تاشكەند قەلئەسىنى ئەمىر ئەھمەدقاسىم كوھبەر تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. يەنە بىرمۇنچە جامائەت، مەسىلەن: ئەمىر دوست ناسىر ۋە سۇلتان مۇھەممەد [دوۋلادى] قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەرنى ئەمىر ئەھمەد قاسىمغا كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتتى. ئۆبەيدۇللاخان ئۆزى بۇخاراغا يۈزلەندى. بۇخاراغا يېتىپ كەلگەندە، [بابىر] پادىشاھنىڭ يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، ئۆبەيدۇللاخاننىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، دەرھال تىزگىنىنى تارتىپ، ئارقىسىغا ياندى. [بابىر] پادىشاھ ئۆبەيدۇللاخاننىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ئاخىر كۆلىمەلىك

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

② ھىجرىيە 917 - يىلىنىڭ رەجەب ئېيى مىلادىيىنىڭ 1511 - يىلى 9 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

دېگەن جايغا كەلگەندە ئۇبەيدۇللاخانغا يېتىشىۋالدى. ئۇبەيدۇللاخان قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئىلاجسىز توختاپ، پادىشاھنىڭ قارشى تەرىپىدە سەپ تۈزدى. ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئۈچ مىڭ كىشىسى بار ئىدى. بابىر پادىشاھنىڭ لەشكىرى قىرىق مىڭ كىشى ئىدى. ئۇبەيدۇللاخان ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.»① دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، پادىشاھقا يۈزمۇ يۈز تۈزۈپ، شۇنداق قاتتىق ۋە كەسكىن جەڭ قىلدىكى، پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى پۈتكۈل خالايىققا بولۇپمۇ پادىشاھ ۋە سۇلتانلارغا ئۆزىنىڭ تولۇق كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسەتتى، ئۇلارغا لەشكەرنىڭ تولىلىقىغا، قورال - ياراغ ۋە ئەسلىھەلەرنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ بولمايدىغانلىقىنى، غەلىبە ۋە نۇسرەت، پادىشاھلىق ۋە دۆلەت پەقەت ئاشۇ تەڭداشسىز ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتى ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، كىمگە خالىسا شۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى، كىمدىن خالىسا شۇنىڭدىن ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى. ئۇبەيدۇللاخان [ئاجىزلاپ قانات - قۇيرۇقلىرى تۆكۈلگەن] ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن بابىر پادىشاھنىڭ خىل ئاتلارغا مىنگەن، تولۇق ۋە مۇكەممەل قوراللانغان قىرىق مىڭ جەڭچىسىگە زەربە بەردى.

ئۇبەيدۇللاخاننىڭ بابىر پادىشاھنىڭ ھەيۋىسى ۋە دەبدەبىسىدىن قورقۇپ، قارشى شەھىرىدىن قېچىپ كەتكىنىگە سەككىز ئاي بولغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇنداق غەلىبە ۋە نۇسرەت قازىنىشى چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان تەڭرىنىڭ يېتۈك كۈچ - قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. بۇ ۋەقە تارىخقا توققۇزيۈز ئونسەككىزدە [سەپەر ئېيىدا②] يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا بابىر پادىشاھنىڭ سەمەرقەندتە پادىشاھلىق قىلىۋاتقىنىغا سەككىز ئاي بولغانىدى.

بابىر پادىشاھ كۆلىمەلىكتە يېڭىلگەندىن كېيىن، قايتىپ سەمەرقەندكە كەلدى. بىراق، ۋاقتىنچە سەمەرقەند تەختگاھىدا ئولتۇرالماي، سەمەرقەندنى تاشلاپ، ھىسارغا كەتتى ۋە شاھ ئىسمائىلنىڭ ھۇزۇرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، كۆمەك ۋە ياردەم تىلىدى. شاھ ئىسمائىلمۇ پادىشاھنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمىرلەر ئەمىرى بولغان مىرنەجمىنى ئاتمىش مىڭ كىشى بىلەن كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتتى. بۇلار پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى ياز ئۆتۈپ، كۈز ۋاقتىدا، بابىر پادىشاھ يەنە ئۆزبېكلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قارشى شەھىرىگە يەتتى. قارشى شەھرىدە ئۇبەيدۇللاخاننىڭ تاغىسى شەيخىم مىرزا ئاتلىق كىشى بار ئىدى. شەيخىم مىرزا قارشى قەلئەسىنى مۇستەھكەم ساقلىغانىدى. ئۇلار قارشى قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلىپ، ئاز پۇرسەتتىن كېيىن قەلئەنى بۇزۇپ ئىشغال قىلدى. قەلئەدىكى شەيخىم مىراز باشلىق پۈتكۈل چوڭ - كىچىك خالايىقنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇ مەزگىلدە ئۆزبېك سۇلتانلىرى ھەرقايسىسى ئۆز جايلىرىدا قەلئەلەرنى مۇستەھكەم ساقلاۋاتاتتى. جانىبېك سۇلتان غىجدۇۋان قەلئەسىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. تۈركمەنلەر قارشىنىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەندىن كېيىن، [بابىر] پادىشاھتىن ماۋەرائۇننەھر قەلئەلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىر - بىرلەپ سورىدى. پادىشاھ ھەرقايسى قەلئەلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. تۈركمەنلەر ھەممە قەلئەلەر ئىچىدە غىجدۇۋان قەلئەسىنى ئېلىشنى قولاي ۋە ئاسان چاغلىدى - دە، غىجدۇۋانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر ئۆزبېك

① «قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە، 249 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② ھىجرىيە 918 - يىلىنىڭ سەپەر ئېيى مىلادىيىنىڭ 1512 - يىلى 5 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



سۇلتانلىرىغا ئاتىلاندى. شۇ كېچىسى پادىشاھ بىلەن تۈركمەنلەر غىجدۇۋانغا يېقىن كېلىپ چۈشۈپ، قەلئەنى ئېلىشقا كېتەرلىك قورال - جابدۇقلارنى تەييارلاشقا كىرىشتى. شۇ كېچىسى يەنە ئۆزبېك سۇلتانلىرىمۇ غىجدۇۋان قەلئەسىگە كىردى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئۆزبېكلەر سەپ تۈزۈپ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردى. بۇ تەرەپتىن پادىشاھ تۈركمەنلەر بىلەن يۈرۈش باشلىدى. بۇ مەيدان ئۆزبېكلەر مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى، مەيدان ناھايىتى تار ۋە قىستاڭچىلىق ئىدى. ئۆزبېكلەر [نىڭ بەزىلىرى مەيداندا ئات چاپتۇرۇپ يۈرەتتى، بەزىلىرى] ھەر تەرەپتىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا پىيادە ھالەتتە ئوق ئېتىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامىي قوللىرى بىلەن كۇپۇرلۇق ۋە بىدئەت قوللىرىغا زەربە بەردى. قەدىمىي دىنىنىڭ غەلىبە ۋە نۇسرەت شامىلى بىدئەت ئەھلىنىڭ قارا جىسمىنى يەرگە يىقىتتى. تۈركمەنلەر بىراقلا يېڭىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى. [ئۇلارنىڭ تىغلىرىدىن قارشى قەلئەسىدە قانداق جاراھەتلەر پەيدا بولغان بولسا، كاماندازلىق بىلەن ئۇ جاراھەتنىڭ قىساسى تولۇق ئېلىندى.] مىرنەجم باشلىق پۇتكۇل تۈركمەن ئۆلىما ۋە ئەمىرلىرى جەھەننەم زىندانىغا يول ئالدى. [بابىر] پادىشاھ پاراكەندە ۋە شىكەستە ھالەتتە، ھىسارغا قېچىپ كەلدى.

مۇشۇ ئەھۋال ئەسناسىدا پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئىختىيار قىلىپ، خاندىن ئايرىلىپ قالغان موغۇللار بىلەن باشقا موغۇللار ئارىسىدا، ئىختىلاپ پەيدا بولدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇن، ئۇنى قىسقىچە بايان قىلساق، مىرئەييۇپ بەگچەك، مىرمۇھەممەد، يادگار مىرزا ۋە نەزەر مىرزا قاتارلىقلار موغۇللار بىلەن بىرلىشىپ، بىر كېچىسى پادىشاھقا قاراپ يۈگۈردى. پادىشاھ كېيىم - كېچەكلىرىنى كىيگۈچىلىكمۇ پۇرسەت تاپالماي، يالىڭاچ ھالەتتە قېچىپ، يۈز مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆزىنى ھىسار قەلئەسىنىڭ ئىچىگە ئالدى. موغۇللار قەلئە سىرتىدىكى ھەممە نەرسىنى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، قايىرتىكىن تاغلىرى تەرىپىگە كەتتى. پادىشاھنىڭ ئۇلارنى يوقاتقۇدەك ماجالى يوق ئىدى. شۇڭا، ئىلاجسىز ھىسار قەلئەسىنى ئىشەنچلىك ئەمىرلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى قۇندۇزغا يۈرۈپ كەتتى. ھىسار قەلئەسىدىن باشقا بارلىق ۋىلايەتلەرنى، موغۇللار ئىشغال قىلىۋالدى. موغۇل خەلقى ئارىسىدا «ئەگەر خىلۋەت ئۆرۈننى تاپسا، تۇڭگۇز دۆۋىگە چىقىدۇ.» دەيدىغان مەشھۇر بىر مەسەل بار. دەل شۇ مەسىلىدە ئېيتىلغىنىدەك، موغۇللارنىڭ ھەربىرى بىردىن سەردار بولۇپ، زۇلۇم - كۈلپەت قوللىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇزىتىشقا باشلىدى. پاسىق چاڭگاللىرىنى ئومۇم خەلقنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئەھلى ئاياللىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە ئۇزاتتى.

ئاشۇ موغۇللاردىن بىرى بولغان بىر مۆتىۋەر موغۇل مېنىڭ خىزمىتىمدە بولغانىدى. ئۇ ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «شۇ ۋاقىتتا، ماڭا تەيىنلەنگەن ۋەزىپە مائاشىنى ۋەخشنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىر كىشىنىڭ نامىغا پۈتۈپ بەرگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چۈشتۇم، خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇ كىشى بىر سائەتكىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ ئىككى يۈز ئات، يۈز قوي، ئىككى يۈز تۆگە، نەچچىلىگەن چاكار، نۇرغۇن مال - دۇنيا ۋە ئۆي ئەسۋابلىرىنى كۆز ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ماڭا: «مېنىڭ ئېلىتماسىم شۇكى، مېنى پەرزەنتلىرىم ۋە ئەھلى ئاياللىرىم بىلەن قويۇۋەتسىڭىز، ھەرقايسىڭىز ئىگىن - ئاياغلىرىمىز بىلەنلا چىقىپ كەتسەك، قالغان ھەممە دۇنيالىق ئەشيالارنىڭ ھەممىسىنى ئالسىڭىز، خەتتىكى مەبلەغنىڭ زىيادىسىنىڭ ئورنىغا بىزنى ئازاد

قىلىسىڭىز، سىزدىن جان - دىلىمىز بىلەن مىننەتدار بولىمىز، دېدى. ھېسابلاپ قارىسام ئۇ كىشىنىڭ يىغقان پۈتۈن مال - مۈلكى خەتتە قارار قىلىنغان مەبلەغنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى.»

دېمەك، موغۇللار ھىسار خەلقىگە زۇلۇم - كۈلپەتلەرنى ئەنە شۇنداق ھەددىدىن ئاشۇرغان ئىدى. ھىسارلىقلارنىڭ پۈتكۈل ئۆي - ئەسۋابلىرىنى، ئالتۇن - كۈمۈشلىرى، چارۋىلىرى ۋە باشقا پۈتكۈل مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ نابۇت قىلدى. شۇڭا، تۇساتتىن ھىساردا قاتتىق ئاچارچىلىق بولدى، بۇ ئاچارچىلىقتا، پۈتكۈل ھىساردا پەقەت ئاتمىش كىشىلا ھايات قالدى. كۆپلىگەن خەلق بىر بىرىنىڭ ئۆلۈكىنىڭ گۆشىنى يېگەنىدى. لېكىن، ئۆلگەنلەر شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئاچلىق تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ گۆشلىرىدە غىزا بولغۇدەك قۇۋۋەت يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق يەردە يالغۇز كىشىنى تاپسا، تىرىك تۇتۇپ يېدى، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئۆلدى. ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقى ۋە شۇملۇقى تۈپەيلىدىن، بۇ [ئوتتۇز -] قىرىق مىڭغا يېقىن موغۇللارمۇ ئاشۇ زۇلۇم - كۈلپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ ئىنتىقامىغا دۇچار بولۇپ، ھەممىسى ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدا يوقىتىلدى. ئايالىرى ۋە كىچىك باللىرى پۈتۈنلەي ئۆزبېكلەرگە ئەسىر بولدى. پەقەت بۇلاردىن ئىككى مىڭغا يېقىن كىشى پاراكەندە ۋە پەرىشان ھالەتتە قېچىپ قۇتۇلدى. قالغانلىرىدىن بىرىمۇ قۇتۇلالمىدى. ئۇلاردىن ئەسىر بولغانلار، ھازىرغىچە ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدا تۇتقۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، موغۇللار ئاشۇ قەھەتچىلىك ۋاقتىدا ھىساردا ئىدى. شۇ يىلى قىشتا، بۇ ئاچارچىلىق ئۈستىگە قار شۇ قەدەر كۆپ ياغدىكى، تاغ بىلەن سەھرانىڭ پەرقى قالمىدى. موغۇللار زۇلۇم ۋە كۈلپەتنى قانچە ھەددىدىن ئاشۇرغانسېرى بۇ يەردە بەرىكەت بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. شۇڭا، موغۇللار، مائىش ۋە تىرىكچىلىك قىسىنچىلىقىغا دۇچار بولدى. سەھرادا ھەممە گىياھ، ئوت - سامانلار قار ئاستىدا قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇللارنىڭ ئاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاچلىقتا ئۆلدى، قالغانلىرىمۇ كاردىن چىقتى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ زالىملار ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، پۈتۈنلەي تەڭلىكتە قالدى. بۇلارنىڭ مۇنداق ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۇبەيدۇللاخانغا ئاڭلاندى. چۈنكى، ئۇبەيدۇللاخاننىڭ كۆپىنچە تىرىشچانلىقى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، خەير - ساخاۋەتكە ۋە پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ بولاتتى. بۇ موغۇللارنىڭ ھىسار خەلقىگە قىلغان زۇلۇم - كۈلپەتلىرىنى ئۇبەيدۇللاخان ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، بۇلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇبەيدۇللاخان بۇنداق غەنىيمەت پۇرسەتتە، ئۇ زالىم موغۇللارنىڭ زۇلمىنى يوق قىلىشنى ئۆزىگە زۆرۈر دەپ بىلدى. شۇڭا، ھىسار تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. موغۇللار ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلار قاراپ باقسا قېچىپ بارىدىغان ھېچقانداق جاي يوق. چۈنكى، ئۇلار بابىر پادىشاھقا دۈشمەن بولۇپ، يۈزلىرىنى قارا قىلغانىدى. شۇڭا، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەندىجانغا، خاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنىمۇ مۇۋاپىق كۆرمەيتتى. چۈنكى، خاننىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدىكى، بۇنداق زالىم - ئىستىبداتلار زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ھۇزۇرىغا كەلسە، ئۇلارغا ھەرگىز ئىلتىپات قىلمايتتى، بەلكى جازاسىنى بېرەتتى. شۇڭا، ئۇلار خاننىڭ ئالدىغىمۇ بارالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللارنى قار توسۇۋالغاچقا، مېڭىش مۈشكۈل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇللار ھېچ تەرەپكە بارالماي، ئىلاجىسىز سەرخاب، ۋەخش تاغلىرىغا بېكىندى. ئۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى سەرخاب دەرياسى ئىدى، يەنە

بىر تەرىپى تاغ ئىدى، يەنە بىر تەرىپىدە بولسا قار ناھايىتى قېلىن ئىدى. موغۇللار قارغا ئىشەنچ قىلدى. ئۆزبېكلەر يېقىن يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى مۇلاھىزە قىلى... كۆردى. ناھايىتى مۇستەھكەم جاي ئىدى. لېكىن ئۇستازلار ئېيتىدۇكى، **مىسرا:**

ئۆمرى ئېرۇر قارۇ ئافتابۇ تومۇز،

موغۇللار ئىشەنگەن قېلىن قارلار ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاپتاپنىڭ ھارارىتىدىن ئېرىپ، بىر كەڭ ۋە ئۇلۇغ يول پەيدا بولدى. بۇ كەڭرى يولدىن ئۆزبېكلەرگە ئازادىلىك، موغۇللارغا قىستاڭچىلىق يەتتى. بىر كۈنى سەھەردە ئۆزبېكلەر شۇ يول بىلەن بېرىپ، موغۇللارغا ھۇجۇم قىلدى. موغۇللار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، [نېمە قىلارىنى بىلمەي] ھەيران بولۇپ، ئۆزلىرىنى سۇغا تاشلىدى. **نەزم:**

قىلۇر ئوتنى ئول گۈلىستان خەلىل،
بولۇر ئوت گۇرۇھىغە دەريايى نىل.

دېگەنگە ئوخشاش موغۇللارنىڭ كۆپىنچىسى، ئاشۇ سۇ يولى بىلەن دوزاخ ئوتى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئازغىنە بىر قىسمى ھايات قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسىرلىككە گىرىپتار بولدى. ئۇلارنىڭ ھىسار خەلقىگە بىر يىل ئىچىدە سالغان زۇلمىنىڭ ئىنتىقامىنى قۇدرەتلىك تەڭرى تائالا بىر سائەت ئىچىدە ئۇبەيدۇللاخاننىڭ قولىدىن ياندۇردى. **نەزم:**

دېدى سەئدى بەسدۇر ساڭا بۇ سۇخەن،
تىكەن تارىساڭ، ئورماغايسەن سۇمەن.

ھەر دائىم زۇلۇم ۋە كۈلپەت قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى، ۋەيرانچىلىق ۋە كېيىنكى ئەھۋالى پەرىشانلىق بولغۇسىدۇر. **نەزم:**

يامانلىق قىلما، تاپقايسەن ئامانلىق،
يامانلىقنىڭ جازاسىدۇر يامانلىق.

ھىسار دەرياسىدىن ۋە قانلىق تىغدىن خالاس بولغان ئازغىنە بىر قىسىم موغۇللار يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللار، بەلكى ئېيتقىلىمۇ بولمايدىغان ھالەت بىلەن ئەندىجانغا، خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. پېقىر مىر ئەييۇب بەگچەكتىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم: «موغۇللار-نىڭ ھىسار خەلقىگە قىلغان مۇئامىلىلىرىنى ئويلاپ، تەڭرى دەرگاھىغا نالە قىلىپ، پاتراق ...ىر بالا - قازا كەلگەن بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار بۇ جەبىر - زۇلۇمدىن خالاس بولغان ...ولسا ئىدى، دەپ تىلەپ دۇئا قىلاتتىم.»

دېمەك، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بۇ ھېكايىدىن ئىبرەت ئالغاي. ھايات ...ناسىنىڭ ۋە دۆلەت قەسرىنىڭ ئۇلىغا ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى زۇلۇم - ستە...

قىلغاي ۋە ھەزەر ئەيلىگەي. دۆلەت سارىيىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇمۇر ئىمارىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئادالەت ۋە ئىنساپ ئۈچۈن دائىم تىرىشچانلىق كۆرسەتكەي.

ئاشۇ قوۋمنىڭ شۇملۇقىدىن ھىسار [بابىر] پادىشاھنىڭ قولىدىن چىقىپ، ئۆزبېكنىڭ تەۋەلىكىگە كىردى. پادىشاھ قۇندۇزدا ئىدى. ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى قىسىنچىلىق بىلەن ئۆتەتتى. لېكىن، ھىسار قولغا كېلىپ قالارمىكىن، دەپ نەچچە ۋاقىتقىچە ئۈمىد بىلەن قۇندۇزدا تۇردى. مىرزاخانىنىڭ گەرچە پادىشاھقا نىسبەتەن تولۇق ئەقىدە ۋە ئىتائىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز ۋىلايىتىنى تاشلاپ كېلىپ، پادىشاھقا خىزمەت قىلالمايتتى. پادىشاھمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي سۈپىتى بولغان ئالىي ھىممىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن، قۇندۇزدىكى قىيىنچىلىققا سەۋر - تاقەت قىلىپ، ھېچ ئىشتا مىرزاخانىنىڭ كۆڭلىگە تەشۋىش يەتكۈزمەيتتى. پادىشاھ ھىساردىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەندىن كېيىن، قۇندۇزدىن كابۇلغا قاراپ يۈردى. كابۇلدا قېرىندىشى سۇلتان ناسىر مىرزا بار ئىدى. چۈنكى، پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئالغاندا كابۇلنى سۇلتان ناسىر مىرزىغا بەرگەنىدى. پادىشاھنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن، سۇلتان ناسىر مىرزا پادىشاھنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، مۇنداق دېدى: «پېقىر بەندىڭىز ھەممە ئىشلاردا ئىخلاس كەشىنى ئېتىقاد يۈزلىرىگە سۈرۈپ ئىپتىخارلىنىمەن. كابۇل مۇبارەك جاي ۋە گۈزەل شەھەردۇر. سائادەت ئايىغىنى دۆلەت تەختى ئۈستىگە قويۇپ، بۇ ئەلنى پېقىر بەندىڭىزگە تاپشۇرغان ئىدىڭىز. پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكى ۋە ئويۇنلىرى بىلەن يەنە بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز. بۇ مەملىكەت گويا بىر خەزىنە ئىدى، تاكى بۈگۈنگىچە مەن ئۇنىڭغا قاراۋۇللۇق قىلدىم. ئەگەر پەرمانى ئالىي بولسا، مەن ئەسلىي ئورنۇم غەزنىگە يانغايمەن. ئەگەر غەزنىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەمىرلەردىن بىرىگە تاپشۇرۇلسا، بۇنىڭغىمۇ جان - دىلىم بىلەن رازىمەن.»

سۇلتان ناسىرمىرزىنىڭ بۇنداق ئادىمگەرچىلىك قىلغانلىقىغا پادىشاھ ناھايىتى كۆپ مىننەتدار بولۇپ، ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئىلتىپاتلار قىلىپ، ئۇنى ئەزىزلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا غەزنىگە قايتىشقا رۇخسەت بەردى. شۇ كۈنلەردە سۇلتان ناسىر مىرزا ئالەمدىن ئۆتتى. ئاندىن كېيىن غەزنىنىڭ ھۆكۈمىتى توغرىسىدا ئەمىرلەر ئارىسىدا كۆپ تالاش - تارتىشلار يۈز بەردى. بۇ ۋەقەلەر ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى. پادىشاھ قەندىھارنى ئىشغال قىلغۇچە كابۇلدا ئىدى. قەندىھارنى ئالغاندىن كېيىن، ھىندىستاننى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەرقايىسىسى ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسى.

## تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا ــ تەڭرى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەي ــ نىڭ ئەھۋالى

يۇقىرىدا قىسقىچە زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، تارىخقا توققۇزيۈز ئون يەتتە سەپەر ئېيى [نىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى①] دە خان [بابىر] پادىشاھتىن ئايرىلىپ ئەندىجانغا بېرىپ،

① ھىجرىيە 917 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 14 - كۈنى مىلادىينىڭ 1511 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ۋتلۇق جېڭىدە مىرزائابابەكرنى يېڭىپ، غەلىبە قازانغانىدى. شۇ ئەسنادا پادىشاھ سەمەر- ەندنى ئالغانىدى. خانمۇ ئەندىجان ۋىلايىتىدە مۇستەقىل ھالدا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغا- مدى، يەنە سۇلتان ئەھمەدخان پەرزەنتلىرىنىڭ زىكرىدە مۇنۇلار بايان قىلىنغانىدى: سۇلتانخە- ىل سۇلتان بىچارە ھالەتتە زۇرۇرىيەت تۇپەيلىدىن ئەندىجانغا كەلگەنىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا جانىبېك سۇلتان ئاتتىن يىقىلىپ، مېڭىسىگە نۇقسان يېتىپ، مىجەز - خۇلقى بۇزۇلغانىدى. سۇلتانخەلىل سۇلتان يېتىپ كەلدى. جانىبېك سۇلتان تاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزىنى، سۇلتانئەلى مىرزا بەگچەكنى ۋە توبرە نوياغۇتنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «سۇلتانخەلىل سۇلتاننى ئۆلتۈرۈڭلار، مەن بۇنىڭدىن سىلەرنىڭ موغۇلدىن كۆڭلۈڭلارنى ئۈزۈپ، بىزگە ئېتىقاد باغلىغانلىقىڭلارنى بىلەي. ئەگەر سۇلتانخەلىل سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشتىن ئۆزۈڭلارنى تارت- ساڭلار، سىلەرنىمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە قوشىمەن.» دەپ پەرمان قىلدى. بۇ ئۈچەيلەن ئۆز جانلىرىنىڭ ۋەھىمىسى تۇپەيلىدىن، خاننىڭ ئاتىمۇ، ئانىمۇ بىر ئىنىسى سۇلتانخەلىل سۇلتاننى ئاخسى دەرياسىدا رەھمەت سۈيىگە غەرق قىلدى. مادامىكى ئۆزبېكلەر غالىب ۋە قولى ئۈزۈن ۋاقىتلاردا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ كۆڭۈللىرى پۈتۈنلەي خاتىرجەم ئىدى. ئۆزبېكلەر مەغلۇپ بولۇپ، مەملىكەت ۋە ۋىلايەتلىرى قولدىن كەتكەن ۋە زەربىگە ئۇچرىغىلى باشلىغاندىن كېيىن، بۇ ئۈچەيلەن: «خان ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىغىيدى» دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئەندىشىدە يۈردى. بۇلار شۇ خىل تەرەددۇتتا يۈرۈۋاتقىنىدا توبرە نوياغۇتنى، خان مەستلىكتە ئۆلتۈردى.

بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، توبرە نوياغۇت بىر سەھرالىق كىشى ئىدى. ھېچ ۋاقىتتا پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ باقمىغانىدى. ھەمىشە موغۇلىستان ۋە ئۆزبېكىستان سەھرا- سىرىدا، قازاقلار ئادىتى بويىچە، [قاراۋۇللۇقتا] ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن كىشى ئىدى. ھېچ زاماندا ئەمىرلىك مەنسىپىنىڭ ئالىي مەرتىۋىسىگە يەتمىگەنىدى. ئەمما، بۇ ۋاقىتلاردا خاننىڭ خىز- مىتىدە ئۇ ئۆزىنى سەلتەنەت ئەركانلىرىنىڭ بىر تۈۋرۈكى دەپ چاغلايتتى. ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنى خاننىڭ يېقىن ئەمىرلىرىدىن دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇزۇق خىيالى شۇنداق ئىدىكى، پادىشاھلارغا ئەدەپ بىلەن مۇلايىم مۇئامىلە قىلماق خۇشامەتتۇر. خۇشامەت بارلىق خىسلەتلەر- نىڭ يامانراقىدۇر. قوپال سۆز قىلىش، غەيرەت ۋە جۈرئەتنىڭ ئالامىتىدۇر. پادىشاھلارغا يېقىنلىقنىڭ نىشانىسىدۇر. پادىشاھلارغا ھەرخىل قاتتىق سۆزلەرنى ئېيتىش ۋە زىيادە ئەدەپ ساقلىماسلىق، خالايىقنىڭ نەزىرىدىمۇ بۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا دالالەتتۇر، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ قارا كۆڭلىگە بۇ بۇزۇق خىياللار ياخشى كۆرۈنۈپ، مېڭىسى بۇ خىل مالىخولىيا كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، تومۇرلىرى ئاشۇ غۇرۇرنىڭ سەرساملىرى بىلەن يوغىناپ كەتكەنى- دى. شۇڭا، ئۇلۇم ۋەھىمىسى بېشىدا تۇرسىمۇ، قوپال سۆزلۈكنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەنىدى.

خاننىڭ سۆھبىتىدە شاراب ئىچىشتى. توبرە نوياغۇت قىپقىزىل شارابنىڭ مەستلىكىدىن ھېزىرىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئورۇنلاشقان بۇزۇق خىياللارنىڭ ئوتى بېشىغا ئۆرلىدى. شۇڭا، قالايمىقان سۆزلەرگە ئېغىز ئاچتى، خان قانچە قېتىم سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن: «ئەي توبرە، بۇ قالايمىقان سۆزلەيدىغان يەر ئەمەس. قوپال سۆزلەشنىڭمۇ مۆرىتى ۋە ئورنى بار. ھازىر بىكاردىنىلا مۇنداق قاتتىق - يىرىك سۆزلىنىشنىڭ ياخشى ئەمەس» دەپ قانچە قېتىم ئېيتتى. توبرە: «ھازىر ئاتىسى[غا ئىنزباسار ۋە ئورۇنباسار بولۇپ] بىر مەرىكىنى ئاخىرىغا يەتكۈزىدىغان ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان قايسى ئوغۇل بار؟ ئۇنىڭ قولىدىن قايسى مۇھىم

ئىش ھەل بولىدۇ؟!» دېدى. توبرە نوياغۇت خانغا بۇنداق قاتتىق جاۋابلارنى ئېيتقانىدى، خاننىڭ غەزەپ ئوتى سەۋر - تاقىتىنى شۇنداق كۆيدۈردىكى، ئۇنىڭ كۆلى توبرە نوياغۇتنىڭ ھاياتلىق كۆزىنى كور قىلدى. خان پەرمان چۈشۈرۈپ: «بۇنىڭ ھاياتلىق توبرىسىنى (تۇۋرە-سىنى) ھايۋان بېشىدىن ئېلىڭلار ۋە دەرۋازىغا ئېسىڭلار، باشقىلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھېچكىم ئۇلۇغلار ھۇزۇرىدا مۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلمايدىغان بولسۇن!» دېدى. خاننىڭ پەرمانى بىلەن توبرەنىڭ ئىشى ئاخىرلاشتۇرۇلدى. يۇقىرىقى ئۇچەيلەننىڭ بىرى بولغان سۇلتانئەلى مىرزا بۇنىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېچىپ سەمەرقەندكە، بابىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى - دە، مىر ئەييۇپ، مىر مۇھەممەد ۋە مىر ئىبراھىملارغا قوشۇلدى. بۇ ئىككىيلەن تاغامغا گويا سوپەردەك ئىدى. تاغام تەنھا قالدى. ئۆز ۋەنغىچە قورقۇنچ ۋە قاتتىق ئەندىشىدە ئۆتتى. [بۇ ۋەقە ئەسناسىدا] خان ئاخسىدا ئىدى، تاغام ئەندىجاندا ئىدى. خان بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، تېزلا ئاخسىغا مىر قەنبەرنى ئەۋەتتى. مىر قەنبەردىن تاغامغا خەت ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى: «توبرە شۇنداق بىر ئىشەك ئىدىكى، ھېچقانداق بىر ئىشەككە توبرە بولغۇچىلىك لاياقىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەپ ئىشكىنى ئېتىپ، بەندەپلىك يولىغا قەدەم قويغانىدى. سەلتەنەت ھۆرمىتىنى، ئۆزىگە لازىم تۇتماي، بىھۆرمەتلىك يولىنى تۇتقانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۆتكەن ئىشلارنى، قايتا - قايتا كۆڭۈل سەھىپىسىدىن يوق قىلدى. [بۇ ئىشلارنى سىز ئاداۋەتتىن بولدى، دەپ ئويلاپ قالمىغايسىز.] ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، چىققان نەپەسنى ياندۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى. سىز كۆڭلىڭىز لەۋھەسىگە ئۇنى ھەرگىز كەلتۈرمىگەيسىز ۋە تەسەۋۋۇر قىلمىغايسىز.»

مىر قەنبەر خاننىڭ بۇ پەرمانىنى تاغامغا يەتكۈزدى. تاغامغا تولۇق تەسەللى ھاسىل بولدى. مىر قەنبەرنى ئەۋەتىپ، كەينىدىنلا خانمۇ ئەندىجانغا كەلدى. تاغامنىڭ گۇناھى ۋە خاتالىرىنىڭ يۈزىگە ئىلتىپات، ياخشىلىق ۋە ئىنئام - ئېھسان قەلىمى بىلەن ئەپۇ خېتىنى شۇنداق يازدىكى، قورقۇنچ سۈرەتلىرى كۆڭۈلدىن پۈتۈنلەي يوقالدى ۋە دوستلۇق ئالاقىسى مۇھەببەت رىشتىسى خان بىلەن تاغامنىڭ ئارىسىدا، كۈندىن - كۈنگە چىڭ ۋە مۇستەھكەم بولدى. ئۇلار ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىگىچە بىر بىرىگە شۇنداق مېھىر - مۇھەببەتلىك بولدىلار-كى، خان ھەردائىم تاغامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسا، كۆپىنچە خانغا ھاياجان پەيدا بولۇپ، مۇبارەك كۆزلىرىگە ياش تولاتتى. نەزم:

> كەرەم كۆرگىلۇ لۇتفى پەرۋەردىگار،
>
> گۇناھنى قىلۇر بەندە ئول شەرمىسار.

ياخشىلىق ۋە ئىلتىپات خاننىڭ ئەسلىي سۈپىتى ئىدى. بۇ جەھەتتە شۇ دەرىجىدە كامىل ئىدىكى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قاتىلىغا، بۇ قەدەر شەپقەت ۋە ئىنايەتلەر قىلغانىدى. شۇ تۇپەيلى پاك ۋە ئەپۇچان تەڭرى خاننىڭ ئۆزىنى رەھمەت دەرياسىدا، كەچۈرۈم ۋە ئىلتىپات سۈيىگە چۆمدۈرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

تاغامنىڭ خىزمەتلىرى ۋە ئېتىقادىنى ئىنساپ بىلەن بايان قىلسام، خاندىن تاغامغا يەتكەن ئىلتىپات، ئېھسان ۋە مېھىر - شەپقەتلەرنىڭ بەدىلىگە تاغام نەچچە ھەسسە زىيادە خىزمەتلەرنى ئادا قىلاتتى. تاغامنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس،

ئەمما، شۇنچىلىك ئېيتىش كېرەككى، خاننىڭ مۇھەببىتىدە تاغام شۇ قەدەر ۋاپادارلىق قىلاتتىكى، خان ئۇچۇن ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ ئۆلۈمنى ئىختىيار قىلغانىدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قىلىنغۇسى.

قىسقىسى، خان بۇ ۋەقەدىن كېيىن، خانلىق تەختىدە ئورۇنلاشتى. پادىشاھ ئىسمائىل مىر نەجمنى ياردەمگە ئەۋەتىپ، بابىر پادىشاھ ئۆزبېكلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا، خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەندىجان تەرەپتىن يۈرۈش قىلغانىدى. بابىر پادىشاھ ۋە مىر نەجم تېخى بەندى ئاھەنىندىن ئۆتمىگەنىدى. خان ئالدىن قول سېلىپ، تېزلىكتە بېرىپ، ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ كاتتىسى بولغان سۈيۈنچەك سۇلتانغا تاقابىل تۇرۇپ، جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. بىسكەنت (پىسكەنت) ئاتلىق بىر يەردە ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ، قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىر خان يېڭىلىشكە يۈزلەندى. ئەمما، خان شۇ قېتىملىق جەڭدە ئۆزى كۆپ جەڭلەرنى قىلىپ، ئىنتايىن باتۇرلۇق ۋە شىجائەتلەرنى كۆرسەتتى. كۆپ ئەزالىرى يارىلەنىپ، شىكەستە ھالەتتە ئەندىجانغا يېنىپ كەلدى. خان بابىر پادىشاھ بىلەن مىر نەجمنىڭ خەۋىرىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇردى. ئۆزبېكلەرمۇ بابىر پادىشاھ بىلەن مىر نەجمنىڭ ئەندىشىسى تۈپەيلىدىن خاننى قوغلاشقا پېتىنالمىدى. شۇ تۈپەيلىدىن خان ئەندىجاندا [بابىر] پادىشاھنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇردى.

## بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

شۇنى بىلىش كېرەككى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پېقىر كەمىنە تارىخقا توققۇزيۈز ئون بەشتە[1] مىرزاخاننىڭ ھۇزۇرىدىن كابۇلغا كېلىپ، بابىر پادىشاھنىڭ سائادەتلىك نەزىرىگە ئېرىشىپ، تۇرلۇك شاھانە ئىلتىپاتلار بىلەن ئەزىز ۋە ئېتىبارلىق بولۇپ، پادىشاھنىڭ تەربىيەت ھۇجرىسىدا ئورۇنلاشقانىدىم. پېقىرنى پادىشاھ كۆرۈنۈشتە، قېرىنداش قاتارىدا كۆرەتتى. ئەمما، كۆڭلىدە پەرزەنت ئورنىدا بىلىپ، ماڭا ئاتلىق شەپقىتىنى يەتكۈزەتتى. ھەممە ئەھۋالدا مېھر - شەپقەت بىلەن سۆيۈندۈرەتتى. شۇڭا، غېرىبلىق ۋە مۇشەققەت كۆڭلىرىنىڭ كىرلىرى كۆڭلۈم ئەينىكىدىن پۈتۈنلەي يوقالغانىدى. ئىنتايىن راھەت - پاراغەت ۋە ئازادىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەنىدىم. شۇ ئەھۋال ئاستىدا، پادىشاھ قۇندۇزغا لەشكەر تارتماقچى بولدى. بۇ مەزگىل جەددى (قىش) پەسلى بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. پادىشاھ پېقىرغا شۇ قەدەر ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلەر بىلەن ئېيتتىكى: «يولنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى تۈپەيلىدىن بۇ سەپەر ئىنتايىن مۇشكۇلدۇر. شۇڭا، قىش چىققۇچە كابۇلدا تۇرغايسەن. باھار پەسلى يەتكەندە ھاۋانىڭ سوغۇقى كەتسە، شۇ ۋاقىتتا خىزمىتىمگە كەلگەيسەن.» ئەمما، مەن تەكرار - تەكرار يېلىنىپ: «بۇ دىياردا غېرىبلىق كۆلپىتى ۋە يېتىملىك ئازابىغا پادىشاھىمنىڭ شاھانە ئىلتىپاتىنىڭ ياردىمى بىلەن سەۋر - تاقەت قىلاتتىم، ئەمدى پادىشاھتىن ئايرىلىپ، بۇ يەردە قالسام، قايسى كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن غېرىبلىق

[1] ھىجرىيە 915 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1509 - يىلى 10 -، 11 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

كۇلپىتىگە تاقەت قىلىمەن؟» دېدىم. پادىشاھ ماڭا كابۇلدا قېلىشقا تەكلىپ بېرىشىنى، كۆڭلۈمگە شىكەستىلىك ۋە پەرىشانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇڭا، ئىلاجىسىز ھەممە سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلدۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ قوندۇزغا ئېلىپ باردى.

موغۇللار ئارىسىدا ئاتامنىڭ خىزمىتىدە بولغانلار كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىلىرى ئۆز ئەقىدىلىرىنىڭ تەقەززاسى بىلەن، خىزمىتىمگە كەلدى. شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن قورال - ياراغ ۋە جامائەتكە ئىگە بولدۇم. بولۇپمۇ ئاتامنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگۈچى، بۇنىڭدىن كېيىن نەچچە يەردە ئىسمى تىلغا ئېلىنىدىغان جان ئەھمەد ئاتاكە باشلىق ئاتامنىڭ مۇلازىملىرى مېنىڭ خىزمىتىمدە بولدى. جان ئەھمەد ئاتاكە ساناقلىق كىشىلەردىن ئىدى. ئۆزبېكلەرنىڭ زامانىدا قولىدىن نەچچە ئىشلار كېلىپ، خېلى ئېتىبار تاپقانىدى. شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئات ۋە قورال - ياراغ ئەسۋاب سەرەمجانلارنى توپلاپ تەييار قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى، مېنىڭ لاۋازىمەتلىرىم ئۈچۈن سەرپ قىلدى.

قىش ۋاقتىدا پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن كۆلەك دەشتىگە باردى. مەنمۇ شۇ لەشكەر ئىچىدە پادىشاھقا ھەمراھ ئىدىم. كۆلەك دەشتىدىن يېنىپ كەلگىنىمىزدە، باھار پەسلى بولغانىدى. پادىشاھ خاننى ئەندىجانغا يولغا سالدى. خان مېنى ئۆز مۇلازىمىتىگە تەرغىب قىلدى. مېنىڭمۇ خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇشقا كۆپ مەيلىم ۋە رىغبىتىم بار ئىدى. شۇڭا، پادىشاھتىن ئىجازەت تىلىدىم. بۇ ئىشىم پادىشاھنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ۋە مېنى خانغا قوشۇپ بېرىشتىن ئۆزىنى ناھايىتى يىراق تۇتۇپ، بۇ ئىشنى مۇتلەق ماقۇل كۆرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خان ئەندىجانغا كەتتى. مەن پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدا قالدىم. شۇ كۈنلەردە پادىشاھ ھىسارغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ جەڭدە ئۆزبېكلەر يېڭىلدى. ئاشۇ جەڭدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جان ئەھمەد ئاتەكە مېنىڭ مۇلازىملىرىمنى باشلاپ جەڭ قىلىپ، ئۆزبېكلەرنىڭ بىر مۆتىۋەر كىشىسىنى تىرىك تۇتۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ تۆھپە خاتىرىلەش ۋەدىسى بىلەن، ئۇنى ئەزىزلىدى. ئاندىن پەرمان قىلىپ، بۇ ئىش مىرزاھەيدەرنىڭ پالى ئۈچۈن ياخشى باشلاندى دېدى، ئاندىن يەنە پەرمان قىلىپ: «بۇ تۆھپىنى دەپتەرگە مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىسمىغا پۈتۈڭلار» دېدى. بۇ ھېكايەت يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى.

پادىشاھ سەمەرقەندنى ئالغان مەھەلدىمۇ، مەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم. ئاتامنىڭ پەرزەنتلىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان، ھەبىبە سۇلتان خانىش پېقىر بىلەن بىر تۇغقان ئىدى. ئۇ ئۇبەيدۇللاخانغا چۈشكەنىدى. ئۇبەيدۇللاخان قارشىدىن تۈركىستانغا قېچىپ كەتكەندە، ئەھلى ئايالىنى بىللە ئېلىپ چىقىشقا پۇرسەت تاپالمىدى. چۈنكى، ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن ھەركىم سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىپلا قېچىشنى غەنىيمەت بىلدى، ئۆزگە نەرسىلەرگە قارىمىدى. شۇڭا، قېرىندىشىم ھەبىبە سۇلتان خانىشمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. پېقىر ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. ئاندىن سەمەرقەندكە كەلدۇق. شۇ قىشتا تاغام ئەندىجاندىن، خاننىڭ ھوزۇرىدىن سەمەرقەندكە كېلىپ، يانار چاغدا قېرىندىشىم ھەبىبە سۇلتان خانىشنى بىر مەسلىھەت تۈپەيلىدىن ھەمراھ قىلىپ، ئەندىجانغا ئېلىپ كەتتى. ئەندىجانغا بارغاندىن كېيىن، ھەبىبە سۇلتان خانىشنى، خانغا نىكاھ قىلىپ بەردى. شۇ قىش ئۆتۈپ باھار پەسلى بولغاندا، [بابىر] پادىشاھ كۆلىمەلىك جېڭىگە بېرىپ، ئۇبەيدۇللاخان بىلەن جەڭ قىلدى.

پادىشاھ سەمەرقەنددىن ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقىتتا، مەن تەپ كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، بۇ قېتىملىق سەپەردە بىللە بولالماي سەمەرقەنددە قالغانىدىم. [بابىر] پادىشاھ ئۇبەيدۇللاخاندىن يېڭىلىپ، سەمەرقەندتىمۇ تۇرالماي، ھىسارغا بارماقچى بولغاندا، مەنمۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھىسارغا كەلدىم. خان مېنى تەلەپ قىلىپ، نەچچە قېتىم كىشى ئەۋەتتى. ئاخىر پادىشاھ مېنىڭ ئەندىجانغا بېرىشىمغا رەنجىگەن ۋە ئاغرىنغان ھالدا ئىجازەت بەردى. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، پادىشاھ كۆڭلىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىشىم ماڭا زۆرۈر ۋە لازىم ئىدى. لېكىن، تېخى يېشىم كىچىك بولغاچقا باللىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن پادىشاھنىڭ مۇبارەك كۆڭلىنى ئىزدىمەي، ئەندىجانغا بېرىشنى قارار قىلدىم. پادىشاھ مىرنەجم بىلەن بىللە، لەشكىرى يۈرۈشكە چىققان ۋاقىتتا، مەنمۇ ئەندىجانغا كەتتىم. مەن تېخى ئەندىجانغا يېتىپ بارمىغاندىم، خان سۆيۈنچەك سۇلتاندىن يېڭىلىپ، ئەندىجانغا يېنىشىغا مەن يېتىپ باردىم. بۇ ۋەقە تارىخقا توققۇز يۈز ئون سەككىز رەجەپ ئېيىدا① بولۇپ ئۆتكەنىدى. خاننىڭ مەغپىرەتلىك ھايات كۈنلىرىنىڭ ئاخىرى بولغان تارىخقا توققۇزيۈز ئوتتۇز توققۇز زۇلھەججە② ئېيىغىچە بولغان بۇ يىگىرمە بىر - يىگىرمە ئىككى يىل ئىچىدە مەن دائىم خاننىڭ خىزمىتىدە، خاننىڭ ھۇزۇرىدا، دۆلەت خىزمىتىدە بولدۇم. ئارقىمۇئارقا شاھانە ئىنئاملارغا، خاقانلارچە ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىپ ئىززەتلەندىم. خان پېقىرنى كۆرەگانلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئەزىز قىلىشتىن ئىلگىرى، ھېچ ۋاقىتتا، خاننىڭ ھۇزۇرىدىكى خىزمەتتىن خالىي ئەمەس ئىدىم. كېچە بولسا خاننىڭ ئۇخلايدىغان قەسرىنى راسلىغاندا، شۇ ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە پېقىرغا ئىستىراھەت قىلىدىغان جاي قىلدۇراتتى. ئەگەر بەزمە ئولتۇرۇشلىرى بولسا، مېنىڭ ئوڭ بېلىكىم خاننىڭ سول بېلىكىگە تېگىشىپ تۇرغان ھالەتتە ئورۇنلىشاتتىم. ئەگەر سۆھبەت بولسا، بۇ سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئەڭ بېشى تاغام ئىدى. مېنى تاغام يۇقىرى ئولتۇرغۇزاتتى. بەلكى تاغام خانغا ئىلتىماس قىلىپ: «مىرزا ھەيدەرنىڭ ھەزرىتىڭىز بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقى شۇ دەرىجىدە يېقىندۇركى، گەرچە ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، ئەمما مەندىن يۇقىرىدا ئولتۇرۇشى لازىم» دەپ نەچچە نۆۋەت ئەرز قىلغانىدى. ئەگەر خان ئاتلانسا، مەن ھامان ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان ئاتلىناتتىم. ئەگەر شىكارغا چىقسا، خان ماڭا شىكاردىن تەلىم بېرىپ، مېنى شىكارنىڭ ئىنچىكە سىرلىرىدىن خەۋەردار قىلاتتى. ئەگەر مىرشىكارلىق قىلماقچى بولسا، كۆپىنچە ئۆزى بۇ ئىشقا قەدەم قوياتتى. خان بۇ ئىشقا ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى. مېنى ئۆز يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىمايتتى ۋە ئوۋ قىلىشقا كۆپ رىغبەتلەندۈرەتتى. ئەگەر قوبۇل قىلمىسام، قاراپ كۆزىتىپ تۇرۇشقا دالالەت قىلاتتى. مېنى ھەرخىل خىزمەتلەرگە بۇيرۇپ، ئۇنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلاتتى. خان ماڭا: «كىچىكلەر تاكى خىزمەتكە قەدەم قويمىغۇچە، ئۇلاردا قابىلىيەت پەيدا بولمايدۇ. ئۇلۇغ ئىشلاردا، چوڭ مەرىكىلەردە، كۆپچىلىك يىغىلسا، شەرەپلىك خالايىقلار، خاقانلار، سۇلتانلار، ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەر جەم بولسا، ئۇنداق يەرلەردە ئىش كۆرمىگەنلەر تەمتىرەپ ھەيران بولۇپ قالىدۇ. كىچىكلەر چوڭلار بىلەن دائىم بىللە بولسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ۋە كۆزى بۇ ئىشلارغا تونۇشلۇق بولۇپ قالىدۇ - دە، ئۇلۇغ مەرىكىلەردە ھەيران قالمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ جاھان سوراش ئىشلىرىغا

① ھىجرىيە 918 - يىلىنىڭ رەجەب ئېيى مىلادىيىنىڭ 1512 - يىلى 9 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 939 - يىلىنىڭ زۇلھەججە ئېيى مىلادىيىنىڭ 1533 - يىلى 6 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگەر خىزمەتنىڭ قائىدە ۋە يوللىرىنى بىلمىسە، ئۆزگىلەرگە
خىزمەت بۇيرۇيالمايدۇ. ئەيىبنى ھۇنەردىن پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. سالاھىيەت ئەھلى ۋە سالاھى-
يەت يولىنى تۇتالمايدۇ. مەنمۇ ئاتامنىڭ ۋە تاغامنىڭ مۇلازىمىتى ۋاقتىدا، ئۇلار بۇ ھېكمەتنى
كۆڭلۈم ھۇجرىسىغا نەقىشلىگەندى. ئۇلار مېنى خىزمەت قىلىشقا تەرغىپ قىلاتتى. ئۇنىڭ
ماڭا پايدىلىرى كۆپ تەگدى. مەن ئۇلۇغلاردىن ئۆگەنگەنلىرىمنى ساڭا ئۆگەتتىم. بۇنىڭغا
ئەمەل قىلساڭ، سەنمۇ پايدىسىنى كۆرسەن.» دەيتتى. پېقىر تاكى 24 ياشقا يەتكۈچە،
ھەرخىل خىزمەتلەرنى بەجا كەلتۈردۈم. كۈندىلىك خىزمەتلەرنىڭ ئىچىدە خاننىڭ مۇبارەك
شەخسىيىتىگە بىۋاسىتە كېرەكلىك بولغان ھەممە خىزمەتلەر ۋە ئايرىم خىزمەتلەرنىڭ ھەممە-
سىنى پېقىر ئادا قىلاتتىم. پەقەت دىۋانخانىدە ئەمىرلەر يىغىلغان ۋاقتىدا، ئۆز مەرتىۋەمگە
رىئايە قىلىپ، ئۆز جايىمدا ئولتۇراتتىم. ئەگەر پۇرسەت تېپىپ خىزمەت قىلماقچى بولسام،
خان توسۇپ: «خەلقنىڭ كۆزىگە خار كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، سورۇن ۋە مەرىكىلەردە
مەرتىۋىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش لازىم.» دەيتتى. يېشىم يىگىرمە تۆتتىن - يىگىرمە بەشكە
قەدەم قويغاندىن كېيىن، خان مېنى خىزمەتكە بۇيرۇمىدى. ئەگەر خىزمەتكە تۇرسام، خان
رۇخسەت قىلمايتتى، خان ماڭا: «مەن بۇيرۇغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلدىڭ،
ئەمدى ساڭا لايىق ئىش شۇكى، بۇنداق ئىشلارغا كىرىشمىگىن» دەيتتى. يېشىم ئوتتۇزغا
يەتكۈچە، پۈتكۈل لەشكەرنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى خان ماڭا تاپشۇردى. ئەمما، مەسلىھەتكە
پۇختا ئۇلۇغ ئەمىرلەرنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ: «ھېچ ئىشتا بۇ كىشىلەرنىڭ مەسلىھىتىدىن
چىقمىغايسەن، بۇلاردىن مەسلىھەت سورىماي ئىش قىلمىغايسەن، ھەممە ئىشتا بۇلارغا بويسۇن-
غايسەن ۋە ئىتائەت قىلغايسەن» دەيتتى. نەچچە مۇددەتكىچە كۆڭلىرىم شۇ تەرىقىدە ئۆتتى.
ئاندىن كېيىن، كېڭەش ۋە مەسلىھەت ۋاقىتلىرىدا، كۆڭلۈمگە ياققان مەسلىھەتلىرىمنى بايان
قىلىشقا رۇخسەت بەردى. مەن تاكى 30 ياشقا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، مەسلىھەتكە ئېغىز
ئېچىشىمغا رۇخسەت بولمىغانىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھەرگىز خاننىڭ مەجلىسىدە، مەسلىھەت
تەرەپتىن ئۈن چىقارمايتتىم. كېڭەش ۋاقتىدا، سۈكۈت تامغىسىنى ئاغزىم قۇتىسىغا بېسىپ
جىمجىت ئولتۇراتتىم. مەسلىھەت ئېيتىشقا پەرمان بېرىلگەندىن كېيىن، كېڭەش مەجلىسلى-
رىدە كۆڭلۈمگە يەتكەن پىكىرلەرنى بايان قىلاتتىم. خان مەندىن بۇ پىكىرنىڭ دەلىلىنى ۋە
لايىق بولۇشىدىكى سەۋەبنى سورايتتى. مەن بايان قىلسام، ئەگەر ئىشلاردا ئۇ پىكىر -
مەسلىھىتىم مۇۋاپىق ۋە لايىق بولسا، ماڭا ئاپىرىن ئېيتاتتى ھەم مەجلىس ئەھلىنىمۇ ئاپىرىن
ئېيتىشقا ئىشارەت قىلاتتى. ئەگەر مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈمدە خاتالىق ياكى نۇقسان بولسا،
ئۇنى شۇنداق سۆزلەر بىلەن بايان قىلىپ بېرەتتىكى، مەن ئۆز سۆزۈمنىڭ نۇقسانلىرىدىن
خەۋەردار بولاتتىم. نەچچە مۇددەتكىچە شۇ تەرىقىدە ئۆتكەندىن كېيىن، خان ماڭا پەرمان
قىلىپ: «سېنىڭ پىكىر ۋە تەدبىرىڭگە ئەمدى تولۇق ئىشەنچ ھاسىل بولدى. پۈتكۈل
لەشكەرنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا ئەمدى سەن باش بولغىن.» دەپ، بارلىق لەشكىريي ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى ماڭا تاپشۇردى. پۈتكۈل ئىشلاردا مېنى تولۇق ھوقۇققا ۋە مۇتلەق ئىختىيارغا
ئىگە قىلدى. ماڭا يارلىقنامە ئەۋەتىلىدىغان بولسا، خان ئۇنىڭغا: «سالامنامە ۋە مەكتۇب»
دەپ ئات قويدى. كەشمىر سەپىرىدىن يېنىپ كەلگىنىمدە، تىبەتتە خاننىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاب
قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتىم. ئۇ ۋاقىتتا خان مېنى شەخسىي سورۇنلاردا بولسۇن ياكى ئاشكارا
سورۇنلاردا بولسۇن «بۇرادەر» دېگەندىن ئۆزگە ئات بىلەن قىچقىرمىدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلا-

www.uyghurkitap.com



تى، بۇنىڭدىن كېيىن خاننىڭ ئەھۋاللىرى بايانىدا ئۇچۇق زىكر قىلىنغۇسى. ئاندىن كېيىن پېقىرنىڭ ئەھۋالىم بايانلىرى بىلەن، خاننىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى زىكرى ئارقىلىق كىتاب ئاخىرلاشقۇسىدۇر.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۈيۈنچەكخاندىن يېتىلگەندىن كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى، پېقىر خاننىڭ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ ۋە مىرنەجمىنىڭ غىجدۇۋاندا يېڭىلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى. بۇ ۋاقىت قىشنىڭ دەسلەپكى ئايلىرى ئىدى. بۇ زىمىستاندا [بابىر] پادىشاھقا موغۇللار قارشىلىق قىلىپ، ھىساردا ئاچارچىلىق بولۇپ، قار كۆپ يېغىپ، ھەممە ۋىلايەتلەردە ناھايىتى سوغۇق ۋە تەڭلىك بولغان يىلى ئىدى. شۇ ئەسنادا سۈيۈنچەكخاننىڭ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلغان خەۋىرى ئاڭلاندى. خاننىڭ سۈيۈنچەكخاندىن يېڭىلىپ كەلگىنىگە ئۈچ ئاي بولغانىدى. خاندا بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلغۇدەك ماجال قالمىغانىدى. كۆپ كېڭەش ۋە مەسلىھەتلەر قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر مۇنداق قارارغا كېلىشتى: ئەندىجان قەلئەسىنى تاغام سەييىد مۇھەممەد مىرزا ساقلايدىغان بولدى، ئاخسى قەلئەسىدە مىرغۇرى بارلاس قەلئەنى ساقلىماقچى، مەرغىنان قەلئەسىنى مىردائىمئەلى پۇختا ساقلىماقچى، خان ئۆزى قالغان لەشكەر بىلەن ئائىلىسىنى ئېلىپ، ئەندىجان ۋىلايىتىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاغلارغا بېكىنمەكچى بولدى، چۈنكى ئۆزبېكلەرنىڭ تاغ ئىچىگە كىرىپ جەڭ قىلىشى قىيىن ئىدى. خان لەشكەر بىلەن تاشقىرىدا تۇرسا، مۇھاسىرە قىلمايدۇ، دېيىشىپ بۇ تەدبىرگە ھەممەيلەن قوشۇلدى ۋە ئىشلارنى شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. سۈيۈنچەكخان بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، كېلىشنى مۇۋاپىق تاپماي يۈرۈشتىن توختىدى. شۇ يىلى قىش مۇشۇ يوسۇندا ئۆتتى.

باھار ۋاقتىدا قاسىمخاننىڭ خەۋىرى كەلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: [بابىر] پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئالغاندا، تاشكەندنى مىر ئەھمەد قاسىم كوھبەرگە بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى كاتتا بەگكە سايرامنى بەردى. پادىشاھ سەمەرقەندتىن ھىسارغا كەتكەندە، ئۆزبېكلەر يەنە قولى بوشاپ، تاشكەندنى مۇھاسىرە قىلدى. ئاخىر قەلئە ئىچىدىكىلەر تەڭلىكتە چۈشۈپ، بىر كېچىدە چىقىپ، ئۆزلىرىنى ئۆزبېك لەشكەرلىرىگە ئۇرۇپ، ئارىدىن يول ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۆزبېكلەرمۇ بۇلارنىڭ چىقىپ كېتىپ، تاشكەندنى قويۇپ بەرگەنلىكىگە ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى، تاشكەندنىڭ قولىغا كەلگەنلىكىگە رازى بولۇشتى. مىر ئەھمەد قاسىم ئەندىجانغا خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى، ئاندىن ئۆتۈپ ھىسارغا، پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. كاتتا بەگ سايرام قەلئەسىنى مۇستەھكەم ساقلىغانىدى. ئۆزبېكلەر كېلىپ مۇھاسىرە قىلدى. كاتتا بەگ قېچىپ چىقىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمىدى. شۇ يىلى قىش چىققۇچە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. كاتتا بەگ باھار يېتىپ كەلگەندە، قاسىمخاننىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ: «ئەگەر بۇ تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلسىلە، سايرام قەلئەسىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرسەم» دەپ ئىلتىجا قىلىپ، قاسىمخاننى رىغبەتلەندۈرۈپ، تاشكەند ئۈستىگە كەلتۈردى. سۆز قاسىمخان ھېكايىسىغا يەتتى. ئەمدى ئەگەر

قاسىمخاننىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلمىساق، سۆز باغلاشماي قالىدۇ.

## قازاق خەلقىنىڭ ۋە خانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئەھۋاللىرى، بۇ جامائەتنىڭ «قازاق» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ بايانى

مەخپىي ۋە يوشۇرۇنۇپ قالمىسۇنكى، ئەبۇلخەيرخان پۈتكۈل دەشتى قىپچاقنى ئىشغال قىلغانىدى. جۇجى نەسەبىدىن بولغان سۇلتانلارنىڭ بەزىلىرىدىن ئۇنىڭ دىمىغىغا يىراقتىن پىتنە ـ پاساتنىڭ ھىدى كېلەتتى. شۇڭا، ئەبۇلخەيرخان ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يوقاتماقچى بولدى. جانىبېكخان باشلىق جۇجى نەسەبلىك سۇلتانلار ئەبۇلخەيرخاننىڭ بۇ خىيالىنى سېزىپ قېلىپ، بىرمۇنچە كىشى بىلەن موغۇلىستان تەرىپىگە كەلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا موغۇلىستاندا خانلىق نۆۋىتى ئېسانبۇغاخاننىڭ ئىدى. ئېسانبۇغاخان بۇ سۇلتانلارنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇش بولۇپ، ئۇلارنى ئوبدان ئىززەت قىلىپ، موغۇلىستاننىڭ بىر بۆلۈكىنى ئۇلارغا تەيىنلەپ بەردى. بۇ سۇلتانلار شۇ بۆلۈكىدا پاراغەت بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتاتتى. ئەبۇلخەيرخاندىن كېيىن ئۆزبېك ئۇلۇسى ئىچىدە قالايمىقانچىلىقلار پەيدا بولدى. ھەركىشى ئىمكان تاپسىلا ئۆزىنىڭ ئامانلىقى ۋە پاراغىتىنى كۆزلەپ، كۆرايخان[1] ۋە جانىبېكخاننىڭ ھوزۇرىغا باراتتى. ئاخىر مۇشۇ سەۋەب بىلەن بۇلار كۆچىيىپ كەتتى. كۆرايخان ۋە جانىبېكخانلار باشتا ئاشۇ كۆپ خالايىقتىن ئايرىلىپ قېچىپ چىقىپ، نەچچە مۇددەتكىچە ئۆي ـ ئوتاقسىز، سەرگەردان ھالەتتە يۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا «قازاق» لەقىمى قويۇلغانىدى. ئاخىر بۇ لەقەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە بىر ئات بولۇپ قالدى.

كۆرايخاندىن كېيىن خانلىق ئۇنىڭ ئوغلى بۇرۇندۇق خانغا قارار تاپتى. جانىبېكخاننىڭ ئوغلى قاسىمخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھەممە ئىشلاردا بۇرۇندۇق خانغا تەۋە ئىدى ۋە بويسۇناتتى. كۆرايخاننىڭ بۇرۇندۇق خاندىن باشقا ئوغۇللىرى كۆپ ئىدى. جانىبېكخاننىڭمۇ قاسىمخاندىن باشقا بىرنەچچە ئوغلى بار ئىدى. شۇلاردىن بىرى ئۆيەك سۇلتان ئىدى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تۆتىنچى قىزى سۇلتان نىگارخانىمنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆيەك سۇلتانغا بەرگەنىدى. تاشكەند ۋەيرانچىلىقىدا ئۆيەك سۇلتان شاھىبېگخاندىن قېچىپ، قازاقلار تەرىپىگە بارغانىدى. سۇلتان نىگارخانىممۇ ئارقىسىدىن قازاق تەرەپكە بارغانىدى. ئۆيەك سۇلتان شۇ كۈنلەردە ۋاپات بولۇپ سۇلتان نىگارخانىمنى قاسىمخان ئۆز نىكاھىغا ئالغانىدى. ئۆيەك سۇلتاندىن كېيىن قاسىمخان كۈچىيىپ كەتتى، شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۇرۇندۇقخاننىڭ كۆرۈنۈشتە خانلىق ئېتىلا قالدى. ئاخىرىدا بۇرۇندۇقخاننى ھەيدەپ چىقاردى. بۇرۇندۇقخان سەمەرقەندكە بېرىپ، غۇربەتچىلىكتە ئالەمدىن ئۆتتى. قاسىمخان پۈتكۈل دەشتى قىپچاقنى شۇنداق تىزگىنلىدىكى، جۇجىخاندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنداق قىلالمىغانىدى. شۇ جۈملىدىن قاسىمخاننىڭ لەشكىرىنىڭ سانى

---

[1] بۇ ئىسىم بەزى نۇسخىلاردا «كىرەيخان» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com



[ مىلىڭ] مىلىڭ ( بىر مىليون) دىن كۆپرەك ئىدى. تارىخقا توققۇزيۈز يىگىرمە تۆتتە[1] قاسىمخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئاندىن كېيىن قازاق سۇلتانلىرى ئارىسىدا نەچچە قېتىم جەڭلەر يۈز بەردى. قاسىمخاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ماماشخان خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. ماماشخان شۇ جەڭلەر جەريانىدا زىققا نەپەس بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ئۆيەك سۇلتاننىڭ ئوغلى تاھىرخان خانلىق تەختىگە ئورۇنلاشتى. بىراق، تاھىرخان قوپال ۋە بەتخۇي كىشى ئىدى، خان بولغاندىن كېيىن، قوپاللىقى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. شۇڭا، قىرىق مىڭغا يېقىن لەشكىرى بار ئىدى، ئۇلار ھەممىسى يىراقلار يۈز ئۆرۈپ، چېچىلىپ كەتتى. تاھىرخان قىرغىزلار ئارىسىدا تەنھا قالدى. ئاقىۋەت پالاكەت بىلەن ئۆلدى. ئاندىن كېيىن يەنە موغۇلىستاندا ئوتتۇز مىڭغا يېقىن كىشى يىغىلىپ، تاھىرخاننىڭ ئىنىسى تۆلەشخاننى خان قىلدى. ئاخىر بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق چۆرگىلىدىكى، ھازىر ئون تۆت يىل بولدى، مۇنچە جىق خالايىقتىن ھېچ يەردە ئەسەر قالماپتۇ. تارىخقا توققۇزيۈز ئوتتۇز[2] بولغاندا قازاق مىلىڭ مىلىڭ (بىر مىليون) كىشى ئىدى. ھازىر تارىخقا توققۇزيۈز قىرىقتۆت[3] بولغاندا شۇنچە تولا خالايىقتىن ھېچ يەردە نام - نىشان يوقتۇر. ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى پات پۈرسەتتە، خاننىڭ ئەھۋاللىرى زىكرىدە بايان قىلىنغۇسى. قازاقنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى شۇنچىلىك بايان قىلىندى.

قاسىمخان كۈچەيگەن ۋاقىتلاردا، خانلىق نىشانە يارلىقلىرىنى ئۆز ئېتىدا يۈرۈتمەستىن، بۇرۇندۇق خاننىڭ ئېتىدا يۈرگۈزەتتى. قاسىمخان شۇ دەرىجىدە كۈچەيگەنىدىكى، ھېچكىم بۇرۇندۇق خاننى يادىغا كەلتۈرمەيتتى. قاسىمخان بۇرۇندۇقخانغا يېقىن يەردە تۇرسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ ۋە ئىتائىتىنى قوبۇل قىلىش لازىم بولاتتى. ئىتائەت قىلىشقا نەپسى ئۇنىمايتتى. سەركەشلىك قىلىشقا شەرم - ھايا قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن يىراق - يىراق يەرلەردە ئولتۇراتتى. بۇرۇندۇقخان سەرايچۇقتا ئىدى. قاسىمخان ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشنى ئىزدەپ، موغۇلىستان چېگراسىغا كەلگەنىدى. ئۇ قاراتالدا قىشلاپ، باھار ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئورنىغا يانماقچى بولغانىدى. شۇ ھالەتتە كاتتا بەگنىڭ ئادىمى سايرام ئاكابىرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، كاتتابەگنىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈزدى. قاسىمخان ئۇنى قوبۇل قىلىپ تىراز، — موغۇللار ئۇ يەرنى «يېڭى» دەيدۇ، — تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئۆزىدىن ئىلگىرى بىر ئەمىرىنى كاتتابەگنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. كاتتابەگ سايرامنى شۇ ئەمىرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى قاسىمخاننىڭ خىزمىتىگە باردى ۋە قاسىمخاننى تاشكەند ئۈستىگە بېرىشقا دەۋەت قىلدى. قاسىمخاننىڭ ھەددۇ ھېسابسىز لەشكىرى تاشكەندكە قاراپ يۈزلەندى. سۆيۈنچەكخان بۇنى ئاڭلاپ تاشكەند قەلئەسىگە بېكىندى. قاسىمخان يېتىپ كېلىپ قەلئەنىڭ قېشىدا بىر كېچە قونۇپ، تاشكەندنىڭ ئەتراپىنى تالان - تاراج قىلىپ ياندى. قاسىمخاننىڭ قالغان ئەھۋاللىرى ئۆز نۆۋىتىدە قىسقىچە بايان قىلىنغۇسى.

(داۋامى كېلەر ساندا)

① ھىجرىيە 924 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1518 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 930 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1524 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
③ ھىجرىيە 944 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1537 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

# فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى ياكى جەۋانمەردلىك تەرىقەتى (مەردانىلىك يوسۇنلىرى)[1]

## مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى

### بەشىنچى پەسىل
### شەددىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا

ئەگەر شەددىنىڭ مەنىسى نېمە، دەپ سورىسا، شۇنداق جاۋاب بەرگىنكى، ئۇشبۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەشتۇر: بىرىنچىسى، مۇستەھكەملەش، ئاساسىنى يارىتىش؛ ئىككىنچىسى، ھۇجۇم قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، چېپىش؛ تۆتىنچىسى، قۇۋۋەتلەندۈرۈش؛ بەشىنچىسى، قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى. ئەمما، فۇتۇۋۋەت ئاتالغۇسىدا مەردلەر ئەھلىنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ، پىردنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشنى شەدد دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر «شەدد» نىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلاھىي مەنىلىرى ئارىسىدا قانداق يېقىنلىق بار، دەپ سورىسا، شۇنداق جاۋاب بەرگىنكى، بىرىنچىدىن، ئەھد باغلاش سالىھنىڭ ئۆز ئىشىغا بولغان قەتئىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مەردلىك بەلۋېغىنى باغلىغان كىشى ئەھدىگە ۋاپا قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بەل باغلىغاندىن كېيىن، نەپسى بالاغا قارشى كۈرەش ئىشكىلىرى ئېچىلىدۇ، بەس. گويا دۈشمەنگە ھەملە قىلغاندەك بولىدۇ ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى نەپسى بىلەن جەڭ باشلايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بېلى باغلانغان ئادەم سۈلۈك يولىدا مۇستەھكەم ۋە چاققانراق بولىدۇ ۋە مەقسەت مەنزىلىسېرى ھوشيار ۋە ئاگاھ بولۇشقا ئىنتىلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، بەلنى باغلاش ئارقىلىق كىشى قەلبىدە باشقىچە بىر قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ. بەشىنچىدىن، بېلىنى باغلىغان شەخستە قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈپ پارلىشىغا ئوخشاش، تەرىقەت ئاسمىنىسېرى بىر ئىلھاملىق كۆتۈرۈلۈش يۈز بېرىدۇ ۋە ئىلاھىي جامال نۇرىنىڭ پارلىشىدىن كۆڭلى يورۇيدۇ، خۇددى قۇياش نۇرلىرىدا يەر يۈزى يورۇشۇپ كەتكەندەك.

ئەگەر شەدد نېمىگە ئىشارە قىلىنىپ، قىياس قىلىنىدۇ؟ دەپ سورىسا، شىددەت ۋە شەددەتكە (قاتتىقلىققا)، دەپ ئېيت. يەنى كىمكى شەدد ئەھلىدىن بولسا، ئۇ نەپس ۋە ھېرىسۇ ھەۋاغا نىسبەتەن قاتتىق قول بولۇشى زۆرۈر، دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ باشقىلاردىن قانچىلىك ئازار - قاتتىقلىق تارتمىسۇن، چىدىشى كېرەك. شۇنىڭدىلا ئۇنىڭ شەددى - ئەھدى دۇرۇس بولۇپ چىقىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ سۆز «شەددەتە» سۆزىدىن ئېلىنغان ۋە ئۇ جەۋانمەرد ، يەنى ياش يىگىتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ياخشىلىقى شىددىتىگە ئىشارىدۇر . . . يەنە شۇكى، كىمكى شەدد بولسا (فۇتۇۋۋەت بەلۋېغىنى باغلىسا)،

---

① بېشى 2001 - يىللىق 4 - ساندا.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئالدىنقى ھاياتى ئاخىرىغا يېتىدۇ، يەنى جەۋانمەردلىكتىن ئۆزگە خىسلەتنى ئۇنۇتقان بولىدۇ.

ئەگەر شەددىنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟ دەپ سورىسا، سىدقۇ سەپا، مېھرۇ ۋەپا ۋە تەسلىم ( بويسۇنۇش)، دەپ جاۋاب بەرگىن.

## ئالتىنچى پەسىل

## شەددىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە

ئەگەر بەل باغلىغانلارغا قارىتا ئېيتىلىدىغان شەدد نېمىدۇر؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى، شەدد دېمەك، بەلۋاغ دېمەكتۇر ۋە ئۇ ئەھد ۋاپا بەلگىسىدۇر. ئەگەر بەل باغلاشنىڭ تۈرلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئون دەپ ئېيت. بىرىنچىسى، ئۆز نەپسىنى ئۆلتۈرۈش؛ ئىككىنچىسى، ھىيلە ـ نەيرەڭنى تەرك ئېتىش ۋە خەلققە ھۆزۈر بېغىشلاش؛ ئۈچىنچىسى، يەپ ـ ئىچىش ۋە كىيىنىشتە ئىسراپچىلىقنى تەرك ئېتىش؛ تۆتىنچىسى، ئۆزىنىڭ بارلىقىدىن ۋاز كېچىش، يەنى ئۆزىنى خەلققە پىدا قىلىش ...

ئەگەر مەخپىي شەدد قايسى؟ دەپ سورىسا، كۆڭۈل سىرىنى ھېچقانداق بىر يات ئالدىدا پاش قىلماسلىق ۋە زاھىرۇ باتىندا يار ـ بۇرادەرلىرىگە مۇھەببەتلىك بولۇش، شەپقەت كۆرسىتىشتۇر، دەپ ئېيت. يوشۇرۇن دۈشمەن ـــ نەپسكە قارىتا زالىم بولسۇن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھېچ مۇرەسسە قىلمىسۇن.

ئەگەر شەددىنىڭ خىللىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، يەتتە دەپ ئېيت. ئۇنىڭ سۈپەتلىرى بولسا ئۇندۇر: بىرىنچىسى، سەلمانىي؛ ئىككىنچىسى، سۇلەيمانىي؛ ئۈچىنچىسى، لۇقمانىي؛ تۆتىنچىسى، يۇسۇفىي؛ بەشىنچىسى، رۇمىي؛ ئالتىنچىسى، داۋۇدى؛ يەتتىنچىسى، مىسرىي. ئەگەر شۇ ئېيتىلغان ئون سۈپەت قايسىدۇر؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: بىرىنچىسى، ا ( ئەلىف) شەددى؛ ئىككىنچىسى، ل ( لام) شەددى؛ ئۈچىنچىسى، م (مىم) شەددى؛ تۆتىنچىسى، ~ (مەددە) شەددى؛ بەشىنچىسى، مېھرابىي شەدد؛ ئالتىنچىسى، سەيفىي شەدد؛ يەتتىنچىسى، قەۋلىي شەدد؛ سەككىزىنچىسى، سەلمانىي شەدد؛ توققۇزىنچىسى، يۇسۇفىي شەدد؛ ئونىنچىسى، خۇفىيە شەدد.

ئەگەر بۇلارنىڭ ھەر بىرى نېمىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ ۋە نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ دەپ سورىسا، شۇنداق جاۋاب بەرگىن: « ئەلىف» شەددى مەدداھلار ( غەزەلخانلار ) غا تېگىشلىك، «لام ـ ئەلىف ( لا) شەددى ئاۋام شەددىدۇر. «مىم» شەددى ھېكمەت ئەھلىنىڭ شەددىدۇر، « مېھرابىي» مىشكاب (سۇ ساتقۇچى) لار شەددى بولسا، «سەيفى» سىپاھلارغا تېگىشلىك، « قەبز» شەددى پەھلىۋانلارنىڭكى، « سەلمانىي» فەرراش ( تازىلىق خىزمەتچىسى) لار شەددىدۇر. «يۇسۇفىي» ھۈنەرۋەنلەر شەددى، «خۇفىيە» بولسا مەخسۇس تائىپىنىڭ شەددى بولۇپ، ئۇنى شۇ تائىپەنىڭ مەھرەمى نەقىب بىلىدۇ. ئىستىبداتى، قابىلىيىتى بار كىشىلەرنىڭ بۇلاردىن خەۋىرى باردۇر.

ئەگەر ھەر بىر شەددىنىڭ مەنىسى نېمە ۋە ئۇ نېمىگە ئىشارە قىلىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: « ئەلىف» شەددى راستچىللىققا ئىشارە. «لام ـ ئەلىف» (يەنى، «لا» يوق دېمەك)

نەپسىنى، ھېرىسۇ ھەۋانى تەرك ئېتىشكە ئىشارەدۇر. «مىم» نىڭ مەنىسى نەپسى ئاغزىنى
باغلاش (تۇگۇن قىلىش)، بەزىلەر مەلامەتكە ئىشارەتمۇ بولىدۇ، دېيىشىدۇ. «مەددە» نىڭ
مەنىسى، ئىشق يۈكىنى كۆتۈرۈشتۇر. . . « مېھرابىي» شەدىدىنىڭ مەنىسى نەپسى بىلەن
جەڭ قىلماققا ئىشارەدۇر. « سەيفىي» شەددىنىڭ مەنىسى شۇكى، سالىھ مۇجاھىدەت قىلىچى
بىلەن يامان سۈپەتلەرنى، ئىلىم دۈشمەنلىرىنى يېڭىش دېمەكتۇر. شاددى « قەۋلىي» نىڭ
مەنىسى، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە مەرتىۋە تېپىش ھەم ھەربىر ئەسراردا دانا بولۇش دېمەكتۇر.
شەددى «سەلمانىي » نىڭ مەنىسى ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت، ئازار يەتكۈزمەستىن ھايات
كەچۈرۈشتۇر. شەددى «يۇسۇفىي» نىڭ مەنىسى تەرىقەتتە پەرھىز، تەقۋادا ئېغىشماي
تۇرۇش ۋە ھەۋەس زۇلەيخاسى سۆزىگە كىرىپ، ئىسمەت ئېتىكىنى① قولدىن چىقارماسلىق-
تۇر. «خۇفىيە» شەددىنىڭ مەنىسى سىرنىڭ پاكلار تىلىدىن پاكلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىشىدۇر.
ئەگەر شەدد، يەنى بەلۋاغنى باغلاش ئۇسۇللىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئىككى دەپ جاۋاب
بەرگىن: بىرىنچىسى، ئاستىنقى؛ ئىككىنچىسى، ئۈستۈنكى، ئەگەر ئاستىنقى قايسى؟ دەپ
سورىسا، مۇنداق دەپ جاۋاب بەر: بۇ ئاۋۋال شاھىمەردانلار نامىغا تۈگۈن تۈگۈش، كېيىن
ئۆز ئۇستازى نامىغا تۈگۈن باغلاش؛ ئۈچىنچىسى، ئۆز نامىغا تۈگۈن باغلاش، شۇنىڭدىن
كېيىن تۈگۈنلەر ئاغدۇرۇلىدۇ، نەتىجىدە، بىرىنچى تۈگۈن ئۈستىگە چىقىدۇ. بۇنى تەكمىل
ھەم دېيىشىدۇ. ئەگەر ئۈستۈنكى ( « فەۋقانىي» ) قايسى؟ دەپ سورىسا، بۇ ئاۋۋال ئۆز
نامىغا، كېيىن ئۇستازى نامىغا تۈگۈن باغلاش، دەپ ئېيت.

## يەتتىنچى پەسىل
## بەل باغلاش دەلىللىرى خۇسۇسىدا

. . . ئەگەر بىرىنچى بەل باغلىغۇچىلار كىملەر ئىدى؟ دەپ سورىسا، ئۇلار تۆۋەندىكى
ئون يەتتە كىشىدۇر، دەپ جاۋاب بەر: سەلمان فارىسىي، ئەبۇزەر غەففارىي، ئەممار ياسار،
مىكدار ئەسۋەد، ھىسان سابىت، ئەبۇ ئۇبەيد جەرراھ، جابىر ئەنسارىي، سۇھەيل يەمەنى،
مۇسلىم شەككىي، مەلىك ئەشتەر، داۋۇد مىسرى، سۇھەيل رۇمىي، ئەمرۇبىن ئۇمىيە،
سەيف يەمەنىي، قەنبەر ئەلى، جەۋانمەرد قەسساب ئوبۇل مۇھەججان.
ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، تەبەرىستان، ئىراق ۋە ئەجەمنىڭ بەل باغلىغان مەردلىرى
دەلالىتى سالمان فارسىگە تېگىشلىك. مىسىر، ئىسكەندەرىيە، ھەلەب ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى
دەلالىتى داۋۇد مىسرىگە؛ رۇم ۋە مەغرىب ئەھلى ھەمدە ئازەربەيجان سۇھەيل رۇمىيگە؛
يەمەن، ئەدەن، بەربەر، ھىندىستان، چىن چېگرالىرى مەملىكەتلىرىنىڭ بەل باغلىغان
مەردلىرى ئوبۇل مۇھەججانغا بېرىپ تاقىلىدۇ.
ئەگەر سەلمانىيلەرنىڭ ئۇدۇمى ( سەنەد دەلىلى) قانداقچە؟ دەپ سورىسا، دېگىنكى،
ھەر بىر تائىپىنىڭ ئۇدۇمى بار. چۈنكى سەلمان فارسىي ئەلى ئەنسارىينىڭ بېلىنى باغلىغان.
ئەلى ئەنسارىي ئەشجەن مەدەنىينىڭ بېلىنى باغلىغان. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە، ئەبۇ مۇئاللىم

① ئىسمەت: پاكلىق، نومۇس، ئىپپەت؛ ئەيىبسىزلىك.

www.uyghurkitap.com



خۇراسانىيىنىڭ بېلىنى باغلىغان. شۇ تەرىزدە ھەربىرى ئىككىنچىسىنىڭ بېلىنى باغلىغاندا، ئىلاۋىلەر قىلدى ۋە پەرقلەر يۈز بەردى، شۇنداقلا تۈرلۈك گۇرۇھلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى. مەسىلەن، رىيازىيە، شەھنە، خولدىيە، مەتۋىج، مۇسلىمىيە، مەۋلائىيە ۋە باشقىلار ... . خۇراسان، ئىراق ۋە ماۋرائۇننەھر ئەھلىنىڭ سەلمان فارىسىيغا بېرىپ تاقىلىدىغان ھەربىر بېلى باغلانغان ئادىمى كامىل مەرد دەپ ھېسابلىنىدۇ.

## سەككىزىنچى پەسىل
## خۇفىيە ھالۋىسى ھەققىدە

ئەگەر خۇفىيەنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دەپ جاۋاب بەر: ئەرەب تىلىدا خۇفىيە دەپ ياغاچ قاچىغا ئېيتىلىدۇ. بۇ شەدد ھالۋىسى ئەنە شۇنداق ياغاچ قاچىلاردا تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى خۇفىيە ھالۋىسى دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر خۇفىيە ھالۋىسى نېمىدىن تەييارلىنىدۇ؟ دەپ سورىسا، ساپ ياغ، خورما ۋە ناندىن تەييارلىنىدۇ، دېگىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇفىيە، يەنى ياغاچ قاچىغا سېلىنىپ، قول بىلەن ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ تائام تاتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھالۋا دېيىشىدۇ. بۇ، ئوتتا پىشمىغان ھالۋىدۇر.

## توققۇزىنچى پەسىل
## بەل باغلاش مۇراسىمىنى تەييارلاش ھەققىدە

ئۇستاز بىرەر كىشىنىڭ بېلىنى باغلىماقچى بولسا، ئەۋۋەل پاكىزە، كەڭ بىر جاي تاللاپ مەجلىس قۇرسۇن، كېيىن تەرىقەت پەرزەنتى مەجلىسكە پىر، ئەھد ئاتىسى ۋە شەدد ئۇستازىنى باشلاپ كەلسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن نەقىب مۇنداق دېسۇن: ئەي ئەزىزلەر، پالان كۈنى ئۇشبۇ مەجلىستە شەيخ، نەقىب ۋە تەرىقەت بۇرادەرلىرى ھازىر بولسۇن. شۇ چاغدا شەيخكە جايناماز سېلىنىدۇ، كېيىن شەدد جايىنامازى (گىلەمچىسى) يېيىلىدۇ ۋە ھەر ئىككى جايىنامازنىڭ ئۇچلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇرسۇن ۋە شەيخنىڭ جەينامازى ئوڭ قول تەرەپتە بولسۇن ۋە شەيخ جايناماز ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرسۇن، ۋە تەرىقەت ئۇستازى: ئەھد ئاتىسىنى شەيخكە روبىرو ئولتۇرسۇن دەيدۇ ۋە ئىككى نەپەر تەرىقەت بۇرادىرى ئەھد ئاتىسىنىڭ چەپ تەرىپىدە يانمۇ يان ئولتۇرسۇن . . . مەجلىستە بىر پىيالە تازا سۇ ۋە ھېچنەرسە ئارىلاشتۇرۇلمىغان بىر چىمدىم ئاق تۇز تەييارلانسۇن. نەقىب تۇز ۋە سۇنى ئېلىپ بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرىدۇ. كېيىن بەش پىلىكلىك چىراغنى ياقىدۇ. بېلى باغلانغان بۇرادەرلەر، ئەگەر ھەممىلىرى ھازىر بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى نەپىرى ئەلۋەتتە بولۇشى شەرت. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەھد ئاتىسى پەرزەنتىنى ئەھدكە كىرگۈزىدۇ، يەنى جەۋانمەردلىككە قوبۇل قىلىش باشلىنىدۇ. پەرزەنتلىككە (جەۋانمەردلىككە) قوبۇل قىلىنغۇچى بۇرادىرىگە بېخىللىق ۋە كىبىر ـ ھەۋا، ھەسەت ۋە يامانلىق قىلىشنى راۋا كۆرمەسلىككە، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا، ھەممە جايدا ئىنساپ سىنىقىدىن چىقماسلىققا، ئۆزگىلەردىن بولسا ئىنساپ تەلەپ قىلماسلىققا، مۇرتىلىق ئەدەپلىرىنى ساقلاشقا، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا،

كەرەملىك بولۇشقا، ئۆز تائىپىسىنى مۇكەررەم تۇتۇشقا، ناقابىل كىشىلەر ئۈستىدىن كۈلمەسلىككە ئەھد پەيمان قىلسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن، شەدد ئۇستازى ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرزەنتنى ئۆزىنىڭ چەپ تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ھەر ئىككىلىسى شەيخقە يۈزلىنىدۇ. شەيخ پەرزەنتنىڭ قولىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى ھەرخىل گۇناھلاردىن توۋا قىلدۇرىدۇ ۋە بەلۋاغنى يەلكىسىدىن چۈشۈرۈپ چەپ قولىغا ئالىدۇ، كېيىن بەلۋاغنى گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ خۇتبە ئوقۇيدۇ. خۇتبە تۈگىگەندە، فۇتۇۋۋەتنامەدە زىكىر قىلىنغان قائىدە ۋە تەلەپلەرنى سۆزلەپ پەرزەنتكە چۈشەندۈرىدۇ. شۇندىن كېيىن شەدد ئۇستازى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەر ئىككى قولىنى بەلۋاغ ( شەدد ) ئاستىدىن ئۆتكۈزىدۇ، ئاۋۋال ئوڭ قولىنى ۋە تۆت بارمىقىنى بەلۋاغنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بەلۋاغ ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ. شۇ ھالەتتە پەرزەنت قۇلىقىغا زۆرۈرىي سۆزلەرنى دەيدۇ ۋە بەلۋاغنى پەرزەنتنىڭ بېلىگە باغلايدۇ. كېيىن تۇزلۇق سۇنى مەجلىستە ھازىر بولغانلارغا ئىچۈرىدۇ ۋە ئەگەر ھالۋا بولسا، ئۇنىڭدىن ھەم ئېغىز تېگىدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەرزەنت ئۇستاز ئالدىغا كېلىدۇ ۋە ئۇستاز ئۇنىڭ بەلۋېغىنى يېشىۋېتىدۇ . . .

## ئونىنچى پەسىل
## بەلۋاغ باغلاشقا ئائىت ھەرخىل مەنىلەر ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا

ئەگەر شەيخ ۋە ئەھد ئاتىسى مەجلىستە نېمە ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دېگىنكى، شەيخ قازى ئورنىدا، ئەھد ئاتىسى بولسا ۋەكىل ئورنىدادۇر. ئەگەر تەرىقەت بۇرادەرلىرىدىن نېمە ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئىككى كىشى بولۇشى كېرەك؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دېگىنكى، ئۇلار پەرزەنتنىڭ ئىقرارى ۋە ئەھدىگە گۇۋاھ بولغۇچىلاردۇر. چۈنكى گۇۋاھچى ئىككىدىن كەم بولماسلىقى لازىم. ئەگەر مەجلىسكە كەلتۈرۈلگەن. تۇز بىلەن سۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، بۇ تەرىقەت ئەھلىنىڭ خۇددى سۇدەك ساپ دىل ۋە روشەن ئىدراكلىق بولۇشى ۋە تۇز ھەققىگە رىئايە قىلىشىغا ئىشارەدۇر، يەنى سۇ ۋە تۇزغا ئوخشاش يوللىرى ھەممە يەرگە ئوچۇق بولغاي.

بەش پىلىكلىك چىراغنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، بۇ كۆكۆل پىراقىنى مۇھەببەت بىلەن يېقىشقا ئىشارەدۇر، دەپ ئېيتقىن. تاكى ۋۇجۇد دۇنياسى ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالغاي.

ئەگەر بەل باغلاش ۋاقتىدا نېمىشقا پەرزەنتنى ئوڭ تەرەپكە ئولتۇرغۇزىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇنى راستچىللىقتا ئادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئېيتقىن ۋە ئۇ بۇنىڭ بىلەن بېلىنى ئويۇن - تاماشا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى پىدائىيلىق يولىدا باغلىغانلىقىنى چۈشەنسۇن.

ئەگەر نېمىشقا چەپ قول بىلەنمۇ تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ ۋە بۇ نېمىگە ئىشارە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: بۇ شۇنىڭغا ئىشارەكى، پەرزەنت نېمىلا قىلسۇن يۈرەكتىن قىلسۇن، چۈنكى يۈرەك چەپ تەرەپتىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئۇستازنىڭ بەلۋېغىدىن ئۈچ قەدەم ئۇزاقلاشقىنى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، بۇ بىر قەدەم نەفسى ئۈستىگە، بىر قەدەم شەيتانى لەئىن ئۈستىگە ۋە يەنە بىر قەدەم بولسا، بايلىق ئۈستىگە قويۇلغان قەدەملەردۇر. بۇ ھەر ئۈچىلىسىنى ئاياغ ئاستىغا ئېلىپ، چەيلەپ مەغلۇپ قىلمىغان كىشى قولىنى بەلۋاغقا تەگكۈزۈشكە ھەقلىق ئەمەس.

ئەگەر پەرزەنتنىڭ قۇلىقىغا دېيىلىدىغان سۆزلەر قايسىدۇر؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بېرىپ ئېيتقىن، ئۇ ئۈچ سۆزدۇر — پىرمۇ، ئۇستازمۇ ئۈچ سۆزنى ئېيتىدۇ. ئەمما، ئۇستاز ئېيتىدىغان سۆزلەر مۇنۇلاردۇر: خىزمەتكە تەييار تۇر، ھۆرمەت بىلەن ئولتۇر ۋە ھىممەت بىلەن سۆزلە!

ئەگەر ئۇستاز شاگىرتنىڭ بېلىنى باغلاۋاتقاندا ئۇنىڭ قۇلىقىغا دەيدىغان سۆزلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئون ئىككى، دەپ ئېيت: دوستلارغا مېھرىبانلىق، دۈشمەنلەردىن ھەزەر ئەيلەش، ئادىل بولۇش، ھەسەتنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش، فۇتۇۋۋەت شەرت-شارائىتىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، جەۋانمەرد بولۇش، پىرغا مۇرىت بولۇش، مۇرىتقا پىر بولۇش، يۇقىرىغا تۆۋەن، تۆۋەنگە يۇقىرىلىق. . .

ئەگەر بەلۋاغنى باغلاش ۋە يېشىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، دېگىنكى، تەرىقەتتە نەچچىلىگەن باغلىنىدىغان ۋە نەچچىلىگەن يېشىلىدىغان نەرسىلەر ( ئىشىكلەر، مۈشكۈللۈك-لەر) بار، بۇ شۇنىڭغا ئىشارەدۇر. ئەگەر باغلىنىدىغان نەرسىلەر نەچچە ۋە يېشىلىدىغانلار قانچە؟ دەپ سورىسا، شۇنداق دېگىن: باغلىنىدىغان ئون ئىككى ۋە يېشىلىدىغان ئون تۆت نەرسە بار.

ئەگەر باغلىنىدىغان (ئېتىلىدىغان) نەرسىلەر قايسىلار؟ دەپ سورىسا، ئالدى بىلەن ئېيت: كۆزنى ھارام نەرسىلەردىن ۋە كۆرۈش گۇناھ بولىدىغانلاردىن نېرى قىلىش، ئىككىنچى، قۇلاقنى ئاڭلاشقا ناجائىز نەرسىلەردىن ئېتىش؛ ئۈچىنچى، ئېيتىشقا نامەقبۇل سۆزلەردىن تىلنى تىيىش؛ تۆتىنچى، غەيرىي نەرسىلەردىن پىكرىنى ئاسراش؛ بەشىنچى، كۆڭلىنى ھەسەت ۋە كىنەدىن ساقلاش؛ ئالتىنچى، كۆڭلىنى شۈبھىدىن خالىي تۇتۇش؛ يەتتىنچى، قولىنى خەلق ئازارى ۋە ھارام نەرسىلەردىن تارتىش؛ سەككىزىنچى، ئېغىزنى مەنئىي قىلىنغان تائاملاردىن ئېتىش؛ توققۇزىنچى، فۇتۇۋۋەت بەندىنى زىنادىن ۋە شەرر ( يامان) ئىشلاردىن ساقلاش؛ ئونىنچى، ئاياغنى تۆھمەت كەلتۈرگۈچى ۋە ئىپلاس جايلارغا بېرىشتىن ساقلاش؛ ئون بىرىنچى، خاتىرەنى بىھۇدە پىكىرلەردىن ساقلاش؛ ئون ئىككىنچى، بېخىللىق ۋە تەمە يولىنى بېكىتىپ تاشلاش.

ئېچىلىدىغان نەرسىلەر قايسىلار؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: ئىشىكنى مېھمان ئۈچۈن ئېچىش، دەستۇرخاننى ئېچىش، ئادەملەر بىلەن كۆرۈشكەندە يۈزنىڭ ئوچۇقلۇقى، پىرنى ۋە مۇرىتلارنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزنىڭ ئوچۇق بولۇشى، قۇلاقنى دانالار ۋە ئۇستازلار سۆزى ئۈچۈن ئېچىش، تىلنى سۇبھانەھۇتەئالا زىكرى ئۈچۈن ئىشلىتىش، شەپقەت ۋە ئېھسان ئۈچۈن قولنى ئېچىش، كىشىلەر مۇھەببىتىگە قەلبىنى ئېچىش، ئىشق ئۈچۈن كۆڭلىنى ئېچىش، ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن پىكىر ئىشكىنى ئېچىش، خەيرلىك - ساۋاب ئىشلار ئۈچۈن قەدەمنى راۋان قىلىش، ئېزگۈ ھېكمەتلەرگە خاتىرە دەرېزىسىنى ئېچىش، ساخاۋەت ۋە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئىشىكىنى ئېچىش، ئېزگۈ ئەخلاققا يول ئېچىش.

ئەگەر ئەھد ئاتىسى سىنىڭ بىلىگىنى نىمە بىلەن باغلىدى؟ دەپ سورىسا، دىگىنكى، بۇ سۆز غەلەتتۇر ۋە غەلەت گەپلەرنى قىلىش راۋا ئەمەس. ئاتا بەل باغلىمايدۇ، بەلكى ئەھدىنى ئوقۇيدۇ. بەلنى ئۇستاز باغلايدۇ. ئەگەر ئۇستاز بىلىگىنى نىمە بىلەن باغلىدى؟ دەپ سورىسا، شەدد (بەلۋاغ) ۋە مەردلەر سۆزى بىلەن، دەپ جاۋاب بەرگىن.

ئەگەر سەن بىلەن ئۇستاز ئارىسىدا قانداق بەلگە بار؟ دەپ سورىسا، ئىككى ھەرپ، دەپ جاۋاب بەر. بۇ ھەرپلەرنى خاسلارنىڭ تىلى ئېيتىدۇ ۋە خاسلارنىڭ قۇلىقى ئاڭلايدۇ. ئەگەر بەلگە نەچچە نىيەت بىلەن باغلايدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: ئۈچ نىيەت بىلەن باغلايدۇكى، مۇنۇ ئۈچ توگۇن شۇنىڭغا ئىشارەدۇر، ئەۋۋەل ئەھد، ئىككىنچىسى بەيئەت، ئۈچىنچىسى ۋەسىيەت. ئەگەر بەل باغلاشنىڭ مىھرى نىمە؟ دەپ سورىسا، پەرھىزنى ساقلاش، دەپ جاۋاب بەر. ئەگەر شەددىنىڭ ھەقىقىتى نىمدۇر؟ دەپ سورىسا، پائالىيەت، يەنى سۆزدە ئەمەس، بەلكى ئەمەلدە ئىش قىلىشتۇر، دەپ ئېيتقىن.

ئەگەر شەدد ئۇستازى ۋە شاگىرت ئارىسىدىكى شەرت نىمە؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بىرىپ ئېيتقىن، شاگىرت بىر مىڭ بىر كۈن ئۇستازىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى لازىم ۋە ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز خىزمەتتىن غايىل بولمىسۇن.

ئەگەر بەل باغلاشتىن مەقسەت نىمە؟ دەپ سورىسا، پىشبۇرد — ئالغا ئىنتىلىش، دەپ ئېيتقىن. پىشبۇردنىڭ مەنىسى نىمە؟ دەپ سورىسا، ئۈچ نەرسە دەپ ئېيتقىن: ئاۋۋال سالام، ئىككىنچىسى، تائام، ئۈچىنچىسى، كالام.

ئەگەر بىر بولمىسا ئىككى بولماس ۋە ئىككى بولمىغۇچە ئۈچ مۇناسىپ ئەمەس، دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى نىمە؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بىرىپ ئېيتقىنكى، پىر بولمىغۇچە، ئەھد ئاتىسى بولۇش مۇمكىن ئەمەس ۋە ئەھد ئاتىسىنىڭ پىرى بولمىسا، ئۇ شەدد ئۇستازى بولالمايدۇ. ئەگەر ئۈچ ئەسلىي سۆزلەر قايسى؟ دەپ سورىسا، دىگىنكى، ئۇ بولسىمۇ ئۈچ سۆز بولۇپ، مۇرىتنى يولغا سالغاندا ئېيتىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىرى پەرز، بىرى سۈننەت ۋە بىرى شەرتتۇر.

ئەگەر بۇلارنىڭ ھەربىرى نىمىنى بىلدۇرىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، پەرز، زاھىرىنى ۋە باتىنىنى پاك تۇتۇش، سۈننەت بۇرادەرلەر ھۆرمىتىنى جايىغا قويۇش، شەرت بولسا پىرنى ئۆز قىبلەسى دەپ بىلىشتۇر. ئەگەر پىر بىلەن مۇرىت بىر - بىرىگە ئۈچ سۆز ئېيتسا، ئۇستازمۇ شاگىرتىغا ئۈچ سۆز دىسە، ئۇنداقتا، ئەھد ئاتىسى پەرزەنتىگە نەچچە سۆز ئېيتىدۇ؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بەرگىن: ئەھد ئاتىسىمۇ ئۈچ سۆز ئېيتىدۇ، يەنى ئاۋۋال شۇكى، غەلىبە قىلساڭ سۈكۈت ساقلا، مەرتىۋىسى ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كىشىگە بارغىنىڭدا سۆزلىگۈچى بول (يەنى نەسىھەت قىلغىن) ۋە ئەگەر ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ كىشىلەرگە ئۇچرىساڭ مۇشفىق، مىھرىبان بولغىن.

ئەگەر بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى نىمدۇر؟ دەپ سورىسا، دىگىنكى، ئادەم ئۆزىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشى بىلەن كۆرۈشكەندە ئەدەپ ساقلاپ سۈكۈت قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگەنسۇن. ئۆزىدىن تۆۋەنرەك كىشىلەر بىلەن يۈزلەشكەندە، ھەق سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىللىتسۇن ۋە ھەققە ھىدايەت ئۆتسۇن ساخاۋەت قىلىپ پايدا يەتكۈزسۇن. ئۆزى بىلەن تەڭ ئادەمگە ئۇچرىغاندا بولسا، شەپقەت ۋە مەرھەمەت يولىنى تۇتسۇن.

(داۋامى كىيىلەركى ساندا)

ئۆزبىكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەنۋەر تۇردى

# دىۋانى مەۋلەۋىي يۈسۈف سەرىيامى

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھمەت

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

مەشرىق مىينادىن ئۇردى دەم مەيى سۇبھى ھەۋدا،
دەۋرى خۇرشىد قەدەھىدىن يەتتى گەردۇنغە سەدا.
فەتھ باب ئولدى بۇ كۇن مەيخانەئى فەييازى جۇد،
ئەلفەرەھ، ئەي رىند جامى بادە پەيما ئەسسەلا.
ئول مەيىدۇركىم ئاڭا گەردۇن سەبۇ خۇرشىدى جام،
ئەيلەگەي ھەرزەررەنى نۇش ئەتسە شەمسۇ ئەززۇھا.
ھەسرەتى بۇ جامى مەيدىن چەرخ سەرگەردان كېزەر،
شامدىن قانلىغ ئىتەك ھەم سۇبھىدىن يىرتۇق يەقا.
گەردىشى بۇ جامى دەۋر پايى ھۇۋىييەت ھەلقەسى،
مەيپەرەستىن دەۋرىغە يوق ئىبتىداۋۇ ئىنتىھا.
شەۋق ئەھلى جانىدە كەيفىييەتى بىكەيفۇ كەم،
زەۋق ئەھلى كامىدە لەززاتى بىچۇنۇ چەرا.
دۇردەئى ئۇل مەي كېلىپدۇر سەيقەلى مىرئاتى دىل،
بىر قەدەھدىن جان ئولۇر ئايىنەئى گىتىنەما.
ساقىئى بۇ جامى مەي خىزرۇ مەسىھادىن بۇيۇك،
لەئل ئابى زىندەگانى تابى زۇلفى ئەژدەھا.
بىر تەرەششۇھ يەتسە ئاندىن تەشنە لەبلەر كامىغە،
ئەيلەمەس ھەرگىز ھەۋايى چەشمەئى ئابى بەقا.
تەكيەئى ھەركىم تاپار بۇ مەيكەدە تۇفراغىدىن،
مەسنەدى جەم خاكىرەھدۇر ئاڭا سۇلتانلىغ گەدا.
ئەي، خۇش ئۇل رىندى سەبۇكەشلىكدە خەم بولمىش قەدى،
چۇن ھىلال ئەيد دەۋرى جامدىن ئەنگۇشتنەما.
دۇردەكەشلەر قانىدە كەيفىييەتى خۇمر ئەلەست،
باشىدە بۇ شىددەتى رەنجى خۇمار ئولمىش بەلا.
بادە سۇنسە مۇغبەچە ئۇپسەم ئاياغىن جان بىلەن،
ئەيلەسەم بىر غەمزەسىغە يوقۇ بارىمنى فىدا.
ئىستەرەم بۇ دەير ئارا بىر جامى ۋەھدەت خۇمىدىن،
ئۆزلۈكۈم بۇنيادىنى يىقسە يەتىپ فەقرۇ فەنا.

تەشنەلەب مەن تولدۇرۇپ تۇت دەمبەدەم لەبرىز جام،
ئەي شەھى مىسرى مەلاھەت، ساقىئى يۇسۇف لىقا.
قەترەئى تاپساڭ بۇ مەيدىن رەھن جام ئەيلەر ئىدىڭ،
خىرقەۋۇ دەستارۇ تەسبىھۇ رىدا، ئەي زاھىدا!
كېچە ئېردىم بىخد ئۇل مۇغ دەيرى تۇفراغىدە مەست،
قەيد ئىمكاندىن بىرى دامى تەئەللۇقدىن رىها.
تابى خۇرشىدى مەيى جامى ئەزەل لەبرىز ئىدى،
زەررەدەك جانۇ كۆڭۇل بۇ نەشئەدىن بىدەستۇپا.
ساقىئى گۇل چېھرەۋۇ جامى مەي ئولغاي تائەبەد،
يۇسۇفى خاك دەر مەيخانەۋۇ دەستى دۇئا.

※ ※

ساقىيا، تۆت دەمبەدەم ساغەر ماڭا مەيدىن تولا،
رەھم قىل باشىمغەدۇر ھۇشيارلىغ قاتتىغ بەلا.
بادەدەك ھېچ بولماغاي دەۋران غەممىنى دەفئىغە،
بولماسە بىخۇدلۇغۇم ئۆلدۇرگۇسى رەنجۇ ئەنا.
شوخ بەدمەستىم سۇنۇپ مەي ئالسە مەندىن نەقد ھۇش،
قالماغاي لەۋھ دىلۇ جانىمدە نەقشى ماسىۋا.
دەير پىرى خىزمەتىدە باش قويارمەن يەر ئۆپۇپ،
كاش يەتكەي گەرد راھىدىن كۆزۇمغە توتىيا.
سەرۋ قەد، گۇل چېھرە ساقى سۇنسە مەن سارى ئاياغ،
گويىياكىم يەتتى بولغاي مىسكە فەيزى كىمىيا.
يارنى ئەغياسىز دەھر ئىچرە ھەرگىز تاپمادىم،
شەھد - زەھر، لۇتف - قەھر گەنجىنى بىئەژدەھا.
تەئن تاشىدىن سۇنۇق باشدىن ئاياقىم زەڭ - غەم،
ئىستەرەم مەيخانەدە مەي دۇردەسىدىن مۇمىيا.
دەرد ئەھلى شوخلار بىدادىدىن غەم چەكمەسۇن،
چۈنكى پىرى مەيكەدە دەرگاھىدۇر دارۇششىفا.
........................
چۈن خەم زۇلفى كەبى ئاخىر كۆرۈڭ قەددىم دۇتا.
رەشكىدىن گۇل باغلاردە كاسە - كاسە قان ئىچەر،
چىقسە گۇلگەشت ئەتكەلى ئول شوخ بەرگى گۇل قەبا.
مەۋجى خەت كۆرگەچ لەبى لەئلىدە دۇد ئاھدىن،
يۇسۇفىكى كۆردى بۇ تۇن بىرنەچە كۆڭلى قارا.

※ ※

ئەجز يانىندىن بۇلەك يول يوق باۋۇج كىبرىيا،
مۇندە بىر قىلچە بۇكۇلسەڭ ئاندە سىندۇر تاقىيا.
ئىكتىساب ئەيلەپ سۇنۇقلۇق قويمە خۇدلۇقدىن ئەسەر،
چۇنكى قاتتىغ سەدرەدۇر زەررەئى كىبرۇ ھەۋا.
زۇھدۇ تەقۋا خىرمەنىن گەر ئەيلەسەڭ يۈز كۇھ - كۇھ،
بولسە ئۇرتەر گەر سەمۇم سەمىئيۇ بەرقى رىيا.
بولمە تائەت بىرلە ئەمىن، جۇرم بىرلەن نائۇمىد،
قەھرۇ لۇتفىدىن ئانى تۇت دامەنى خەۋفۇ رىجا.
كىم ئايتار ھەق دىن سىنى، مەشغۇلى بۇت دەرلەر ئانى،
ھاجەت ئېرمەسدۇر بۇتۇ بۇتخانە قىلماقلىق بىنا.
قەزلۇ ئەدلى ئالدىدا دەرگاھىغە تەڭ كەلدىلەر،
زاھىد پەشمىنە پوشۇ فاسىقۇ ناپارسا.
ئەيلەگىل ئىزھار قۇللۇق ئىنتىزارى فەزل بول،
بولماغاي قۇللۇقدىن ئۇزگە قۇلغە ھەرگىز مۇزد پا.
ھەردەمى ئاندىن يېتەر سەرمايەئى نەقدى ھەيات،
ھەر نەفەس سەندىن كېتەر سۇيى ئەدەم گەردى فەنا.
بىلمەدىڭ ھەرلەھزە ئارتار دەمبەدەم ھەددىن فۇزۇن،
سەندىن ئىسيانۇ خەتالار، ئاندىن ئېھسان ئەتا.
كىم بېرىپدۇر شاھىد گۇلچېھرەسىغە ئابى رەڭ،
كىم تىكىپدۇر سەرۋقەددىغە زۇمۇررەد گۇل قەبا.
لالە جامىنى تولاكىم قىلدى گۇلگۇن بادەدىن،
كىم بۇ ئوت تابىدىن ئەتمىش داغ باغرىنى قارا.
بۇ چەمەندە كىم بىنەفشە خىرقەسىن قىلمىش كەبۇد،
چۇنكى ئاسىبى خەزاندىن باغلارى ماتەم سەرا.
بۇ دەبىستانى چەمەندە سەرۋگۇل ئەۋراقىدىن،
كىم ئوقۇرلار دەمبەدەم بۇلبۇل فىغان، قۇمرى نەۋا.
بۇيى ئۇلفەت ئىستەمىز كەۋنى مەكان گۇلزارىدىن،
يىقسە زۇلف ياردىن كىمگە نەسىيم ئەتر سا.
دەستگاھى ئېئتىبارىڭ يۇسۇفى بىر مۇشت خاك،
قويمە ئۇزلۇكدىن ئەسەر، سىندۇر زۇلم نەقش پا.

※ ※

ئىلاھا، ھەمدىڭە قىلغىل تىلۇ دىلىم گويىيا،
ھەمىشە ساڭا دەيىن جانۇ دىلدە زىكرۇ سەنا.
قىلىپ كەرەم ماڭا بەردىڭ ۋۇجۇدى جەۋھەر رۇھ،

ئىدىم ھەقىركى بىر مۇشت خاك بىسەرۇپا.
يەتىپ سەنى كەرەمىڭدىن ماڭا ھەياتى ۋۇجۇد،
چۇ ئەقلۇ سەمئۇ بەسەر، سۇرەتى قەددى زىبىا.
دىماغىم ئەيلەدىڭ ئوتلۇغ شەرارە ئىشقىڭدىن،
باشىمغە سالدىڭ ئۆزۈڭ ئىستەمەك ئۇچۇن سەۋدا.
بۇ تۆرت يەتتىيۇ توققۇز ئون ئىككىيۇ ئوتتۇز،
كى بۇ تەكەۋۋۇنۇ كەسرەت نە بار ئىدى ئەددا.
ھەمە زەمانۇ مەكان سۇنئى پاك لۇتفۇڭدىن،
تاپىپ ۋۇجۇد ئەدەم بارچە يوق بولۇپ پەيدا.
نە نۇرى زۇلمەتۇ نە خارى گۇل نەشادىيۇ غەم،
نە شەھد ـ زەھر بار ئېردى نە رەنجۇ تويۇ ئەزا.
تەمامى كەۋنۇ مەكان بار بولدى ئەمرىڭدىن،
بۇ زىبۇ زىينەت ئىلە بارگاھۇ ئەرزۇ سەما.
كى يۈزمىڭ ئالەمى ئەتمەك دەمىدە ئاساندۇر،
ئىلاھا، قۇدرەتىڭ ئالدىدە مىڭ سەرايۇ سەرا.
بۇ خاك تىيرەگە بەردىڭ چەراغى گەۋھەرى ئەقل،
بۇ نۇرى فەيزى بىلەن بولدى زۇمرەئى ئۇقلا.
قويۇپ چەراغىمغە سەن رەۋغەنى ھىدايەتى ئىلىم،
يەتىپ ئۆزۈڭدىن ئالارغە فۇرۇغۇ نۇرى زىيا.
ئۆزەڭ تانىتىپ قىلدىڭ ئەھلى غەمى فانىدىن،
يوق ئېردى بولماسە بىر ۋادىئى خەتا پەيما.
ئىلاھا، فەزلىڭ ئىلە يۇسۇفىغە كۆرسەتغىل،
رىزائى مەئرىفەتىڭ سارىغە تەرىقى ھۇدا.

※ ※

ئەي زاتى پاك نۇرى ئەھەد رەھمەتى خۇدا،
خۇرشىدى ئاسمان كەرەم مەشرىقى ھۇدا،
كەۋنەين بىر گەزىدەسى ئالەمىغە مۇقتەدا،
ئەي مەزھەرى ئىنايەت ھەق ساڭا جانى فىدا،
ئۇممەتلەرىڭ گۇنەھ قولىدە زار ئەھمەدا،
بۇ كۇن شەفائەت ئەتمەسىڭىز، يامۇھەممەدا!

بولدى زەمانە ئاخىر، فاش ئولدى شور شەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باقماس ئوغۇل ئاتاسىغە، ئوغلىغە ھەم پەدەر،
فەزل كەمالى قالدى بولۇپ ئېئتىبارى زەر،
كۇففاردىن خەرابىغە قەسد ئەتتى ئەلھەزەر،
ئۇممەتلەرىڭ گۇنەھ قولىدە زار ئەھمەدا،
بۇ كۇن شەفائەت ئەتمەسىڭىز، يامۇھەممەدا!!

نەفسۇ ھەۋا قولىدە ھەممە بولدىلار خەراب،
مەقسەدى تەمام زىينەت ئولۇپ قەسدى خوردۇ خاب،
قىلسە خىلاق شەرئ ئىشىن يوقتۇر ئىھتىساب،
ۋەھمىم يەقىندە چىقغۇسى مەغرىبدىن ئافتاب،
ئۇممەتلەرىڭ گۇنەھ قولىدە زار ئەھمەدا،
بۇ كۇن شەفائەت ئەتمەسىڭىز، يامۇھەممەدا!!

فىسقۇ فۇجۇر بىرلە تولۇپ ئەرسەئى جەھان،
شەيتان ئەلەم كۆتەردى بولۇپ ياخشىلەر يەمان،
ئەل بىر - بىرىغە مال ئۈچۈن قىلدى قەسدى جان،
قەتئ ئولدى رەھم، باش كېسىلدى، تۆكۈلدى قان،
ئۇممەتلەرىڭ گۇنەھ قولىدە زار ئەھمەدا،
بۇ كۇن شەفائەت ئەتمەسىڭىز، يامۇھەممەدا!!

ۋاھەسرەتا، بۇ ئاسىيلارە يار بولماسەڭ،
ئەفتادەمىز بۇ كۇندە مەدەدكار بولماسەڭ،
جۇرم گۇنەھ كۇفر قىلۇر خار بولماسەڭ،
نەقد شەفائەت ئىلە خەرىدار بولماسەڭ،
ئۇممەتلەرىڭ گۇنەھ قولىدە زار ئەھمەدا،
بۇ كۇن شەفائەت ئەتمەسىڭىز، يامۇھەممەدا!!

ھەرىسۇ ھەۋا مۇرادىدە يوقتۇر قەنائەتىم،
نەفسىم قولىدە بەندە بولۇپ پەست ھىممەتىم،
يوق لايىق رىزايى خۇدا ھېچ تائەتىم،
شەرمەندەلىكدە دەمبەدەم ئارتار خىجالەتىم،
ئۇممەتلەرىڭ گۇنەھ قولىدە زار ئەھمەدا،
بۇ كۇن شەفائەت ئەتمەسىڭىز، يا مۇھەممەدا!!

# «گۈلىستان» دىن پارچە

## ھېكمەت دۇردانىلىرى

## مۇسلىھىددىن شەيخ سەئدى

بارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىسلام

1. ئىككى تۈرلۈك ئادەم بىھۇدە جاپا تارتىپ پايدىسىز ھەرىكەت قىلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى مال ـ مۈلۈك، بايلىق توپلاپ ئۆزىمۇ يېمىگەن، يەنە بىرى ئىلىم ئۆگىنىپ ئەمەل قىلمىغان كىشىدۇر.

مال ـ مۈلۈك، بايلىق توپلاپ ئۆزى يېمىگەن ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزمىگەن ئادەم ۋە ئىلىم ئۆگىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرمىغان ئادەمنىڭ چەككەن جاپاسى بىھۇدە ۋە پايدىسىزدۇر.

2. ئىلىم ئۆگىنىش خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر، ئىلىمنى ۋاستە قىلىپ خەلقنى شوراش ئۈچۈن ئەمەس.

*كىمكى ئۆزىنى ساقلىماي ئىلمۇ ئەمەلنى ساتسا ئۇ،*
*خىرمەنى بولغاندا تەييار، ئوت يېقىپ كۆيدۈردى ئۇ.*

3. ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىيالمىغان ئالىم چىراغ كۆتۈرۈۋالغان قارىغۇغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىدىن توغرا يولنى تاپالمايدۇ، ئەكسىچە باشقىلار ئۇنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنىپ يول تاپىدۇ.

4. مەملىكەت ئاقىل ـ دانا ئالىملاردىن راۋاجلىنىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلار ئالىم ـ دانالارنىڭ نەسىھىتىگە موھتاجدۇر.

*گەر نەسىھەت ئاڭلىساڭ ئەي پادىشاھ،*
*ھېچ كىتابتا ئۇشبۇ سۆزدىن ياخشى سۆز يوقتۇر ساڭا.*
*دانالاردىن باشقىلارغا زادى سەن بەرمە ئەمەل،*
*گەرچە دانانىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى ئەسلا ئەمەل.*

5. ئۈچ نەرسە ئۈچ نەرسە بولمىسا داۋاملىشالمايدۇ:

1) تىجارەت بولمىسا مال ـ مۈلۈك، بايلىق داۋاملىق تۇرمايدۇ،

2) بەس ـ مۇنازىرە بولمىسا ئىلىم يۈكسەلمەيدۇ.

3) سىياسەت بولمىسا مەملىكەت مۇقىم بولمايدۇ.

*خەلق ئۈچۈن مەرھەمەت ئېھسان① كېرەك،*
*خەلق دىلىنى قولغا كەلتۈرمەك كېرەك.*

www.uyghurkitap.com



6. يامان ئادەتلەرگە رەھىم قىلىش، ياخشى ئادەملەرگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. زالىمنىڭ جىنايىتىنى ئەپۇ قىلىش خەلققە زۇلۇم قىلىشتۇر.

7. ئىككى دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا سۆزلىسەڭ شۇنداق سۆزلىشىڭ كېرەككى، ئەگەر ئۇ ئىككى دۈشمەن دوستلىشىپ قالسا، ساڭا شەرمەندىلىك يەتمىسۇن. ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئوتقا ئوخشاشتۇر. ئارىلىقتا سۆز توشۇغۇچى ئوتۇنچىغا ئوخشاشتۇر. ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدا ئوتۇن توشۇپ (سۆز توشۇپ)، ئوت يېقىپ ئارىلىقتا ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىش ئەقلى بار ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس.

*دوست بىلەن سۆزلەشكىنىڭدە ئاستا بول،*
*قان ئىچەر دۈشمەن قۇلاق تۇتقاي يېقىن، ھوشيار بول.*

*كۈندۈزى سۆزلىسەڭ ئەتراپىڭغا باق،*
*كېچىسى سۆزلىسەڭ ئېغىزنى قۇلاققا ياق.*

8. دوستىنىڭ دۈشمىنى بىلەن دوست بولغان كىشى دوستىنى ئازارلايدۇ.

*يۈغىل دوستۇم مۇنداغ دوستتىن قولۇڭنى،*
*دۈشمىنىڭ بىلەن بىرىپ دوستلۇق قىلار.*

9. بىر ئىشنى قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالساڭ، ساڭا ئازار يەتمەيدىغان تەرەپنى ئىختىيار قىل.

*ئەگەر سۆز قىلساڭ مۇلايىم سۆزلەگىل،*
*سۆلھىگە كەلگەنگە سۆلھى كۆزلەگىل.*

10. ئەگەر ئىشىڭ پۇل (ئالتۇن) بىلەن ھەل بولىدىغانلا بولسا، جاننى خەتەرگە تاشلاش لايىق ئەمەس. دانالار ئېيتقان: ھېچقانداق ئامال ـ تەدبىر قالمىغاندا قىلىچنى قولغا ئېلىش مۇمكىن.

*قول پۈتۈن ھىيلەدىن ئۈزۈلگەندە،*
*قولغا ئال قىلىچنى ئىختىيار سەندە.*

11. دۈشمەننىڭ ئاجىزلىقىغا قاراپ رەھىم قىلماسلىق كېرەك، ئەگەر دۈشمەن قۇدرەت تاپسا ھەرگىز ساڭا رەھىم قىلمايدۇ.

*ئاجىز كۆرۈپ دۈشمىنىڭنى بۇزۇت تولغاپ سۆزلىمە،*
*ھەر سۆڭەكتە ئىلىك بولۇر، ھەركىمدە مەدەت يوق دېمە.*

12. ھەر كىشى بىر ياماننى يوقاتسا خەلقنى بۇنىڭ بالايىئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ ۋە ئۇ ياماننى تەڭرىنىڭ ئازابىدىنمۇ قۇتۇلدۇرىدۇ.

13. دۈشمەننىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىش خاتا، لېكىن ئاڭلاش راۋا، ئاڭلىغاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرسەڭ، بۇ ئەينى توغرا ئىش بولىدۇ.

14. چېكىدىن ئاشقان غەزەپ غەزەپلەنگۈچىنى خەلقتىن يېتىم قالدۇرىدۇ. ئورۇنسىز مەرھەمەت، مۇلايىملىق ھەيۋەتنى كەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق سەندىن تويۇپ بىزار بولغىدەك غەزەپ ـ قاتتىقلىق قىلما، سېنى كۆزىگە ئىلمىغۇدەك مۇلايىملىق ھەم قىلما.

*قاتتىقلىق يۇمشاقلىق ئورنىدا ياخشى،*
*دوختۇرنىڭ تىغلىرى كېسەلگە ياخشى.*

15. ئىككى تۈرلۈك ئادەم مەملىكەتنىڭ ۋە دىننىڭ دۈشمىنىدۇر: تەمكىنلىكى ۋە سالمىقى يوق پادىشاھ مەملىكەتنىڭ دۈشمىنى. ئىلمى يوق نادان ئىشان دىننىڭ دۈشمىنى.

16. يامان خۇيلۇق (ئەخلاقسىز) ئادەم شۇنداق دۈشمەننىڭ قولىغا گىرىپتاركى، ئۇ دۈشمەن ئۇ ئادەم نەگىلا بارسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارىدۇ (ئۇنىڭ يامان خۇيى ئۆزى بىلەن بىللە بارىدۇ).

*پەلەكنىڭ زۇلمىدىن بەتخۇي قۇتۇلغاي،*
*يامان خۇيىغە ئۇ دائىم تۇتۇلغاي.*

17. دۈشمەن گۇرۇھىغا ئىتتىپاقسىزلىق چۈشسە، سەن خاتىرجەم بول، ئەگەر دۈشمەن ئىتتىپاقلاشسا، سەن ئۆزۈڭنىڭ پەرىشان بولۇشىڭدىن ئەندىشە قىل.

*رەقىبلەر ئۆزئارا قىلسا جېدەلنى،*
*بېرىپ دوستلار بىلەن راھەتتە ئولتۇر.*
*ئەگەر دۈشمەن تۈزۈشسە ئىتتىپاقلىق،*
*قولۇڭغە ئال قورال قورغاندا ئولتۇر.*

18. دۈشمەن بارلىق ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىدىن ئاجىز كەلسە دوستلۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق دوستلۇق پەردىسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ھېچقانداق دۈشمەن قىلىشقا پېتىنالمىغان دۈشمەنلىكنى قىلىدۇ.

19. يىلاننىڭ بېشىغا دۈشمەننىڭ قولى بىلەن ئۇرۇش لازىم. مۇنداق قىلىش ئىككى ياخشىلىقتىن خالىي ئەمەس. ئەگەر دۈشمەن غەلىبە قىلسا يىلاننى ئۆلتۈرىسەن. ئەگەر يىلان غەلىبە قىلىپ چېقىۋالسا دۈشمەن ئۆلىدۇ، دۈشمەندىن قۇتۇلىسەن.

*ئۇرۇش مەيدانىدا ئاجىز رەقىبىڭ بولما پەرۋاسىز،*
*جېنىڭدىن كەچسە ئاجىزلار قىلۇر ئارسلاننىمۇ جانسىز.*

20 . كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزىدىغان بىرەر خەۋەرنى بىلسەڭ، ئۇ خەۋەرنى سەن ئېيتما، باشقا بىرى ئېيتسۇن.

*كەلتۈر بۇلبۇل خۇش خەۋەر،*
*ئۇيۇر خەۋەرنى بوم① خەبەر.*

21 . پادىشاھقا تولۇق ئىشەنچلىك بولمىساڭ، پادىشاھنى كىشىنىڭ خىيانىتى، جىنايىتىدىن ۋاقىپ قىلىشتىن ساقلان. ئەگەر تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولمىساڭ، ئۆز ھالاكىتىڭگە ھەرىكەت قىلغان بولىسەن.

*سۆزلىمەكنى باشلا ئۇندااق چاغدا سەن،*
*سۆزلىرىڭ تەسىرىنى بىلگەندە سەن.*
*ئىنسان ئۈچۈن كامالەتتۇر سۆزلىمەك،*
*سۆزلىدىم دەپ ھۆرمىتىڭدىن چۈشمە سەن.*

22 . ئۆزىنى ھەممىدىن ئەلا، دانا ھېسابلايدىغان نادانغا نەسىھەت قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى دانانىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاشقا موھتاجدۇر.

23 . دۈشمەننىڭ ھىيلىسىنى قوبۇل قىلما. ماختىغۇچىنىڭ مەغرۇرلاندۇرۇشىغا ئالدانما، دۈشمەن ھىيلە بىلەن سېنى تۇزاققا چۈشۈرىدۇ. ماختىغۇچى تەمەگەرلىك ئېتىكىنى ئاچماقچى.

24 . ئەخمەققە ماختاش خۇش كېلىدۇ، يەنى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ تاپىنى ئۇشۇقتىن تېشىپ پۈدىسە (يەل بەرسە) سەمىرىگەندەك.

*ئىشتىمىگىل ماختىغاننىڭ ماختىشىنى،*
*ماختاپ سېنى تەمە قىلۇر مەنپەئەتنى.*
*كۆنلەر ئۆتۈپ مۇرادىغە يېتەلمىسە،*
*ئىككى يۈز ھەسسە سانار سېنىڭ ئەيىپىڭنى.*

25 . سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى تەنقىد قىلىنمىسا، ئۇنىڭ سۆزى سالاھىيەتلىك بولالمايدۇ.

*سۆزۈم ياخشى، ئاتقىمەن دەپ مەغرۇرلانما،*
*نادان ماختار، ئۆز ئۆزۈڭدىن كىبىرلانما.*

26 . ھەممە ئادەمنىڭ ئەقلى ئۆزىگە كامالەتلىك بىلىنىدۇ، ئۆز پەرزەنتى ھۆسنى - جامالىدا ھەممىدىن گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

---

① بوم: ھۇۋقۇش

بەسلىشىشتى بىر كۈنى جۇمۇت بىلەن مۇسۇلمان،
كۆلەر ئىدى بۇ ھالنى كىمكى كۆرسە شۇ زامان.
ئەيتۇر ئىدى بۇ ساندۇق مېنىڭ دەبان مۇسۇلمان،
يالغان بولسا بۇ سۆزۈم، جۇمۇت ئۆلەي شۇ زامان.
جۇمۇت ئېيتۇر تەۋراتقا ئانت ئىچىمەن شۇ زامان،
ساندۇق مېنىڭ بولمىسا، ئۆلەي سەندەك مۇسۇلمان.

27. ئون ئادەم بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماقلىنالايدۇ، ئىككى ئىت بىر تاپ ئۈستىدە بىللە تۇرالمايدۇ.

ئاچ كۆز ئادەم پۈتۈن جاھانغا تويمايدۇ، قانائەتچان ئادەم بىر نانغا تويىدۇ.
پەيلاسوپلار ئېيتقانكى: قانائەتچان، كۆزى توق كەمبەغەل ئاچ كۆز بايدىن ياخشى.

28. كۈچ - قۇۋۋەت، ھوقۇقى بار چاغدا خەلققە ياخشىلىق قىلمىغان ئادەم بىچارىلىققا چۈشۈپ قالسا قاتتىقچىلىق كۆرىدۇ.

خەلققە زۇلۇم يەتكۈزگۈچى بەتبەخت ئادەم،
دىشۋارلىققا دۇچ كەلگەندە ئۇنى ئىزدەپ كەلمەس ئادەم.

29. تېز كەلگەن نەرسە ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ.
رىۋايەتلەردە ئېيتىشىچە: شەرقنىڭ توپىسىنى قىرىق يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، جۇڭگو قاچىسى (چىنە) ياسىلىدىكەن. باغدادنىڭ توپىسىنى يۈز كۈن ئىشلەپ قاچا ياسايدىكەن. جۇڭگو قاچىسى بىلەن باغداد قاچىسىنىڭ قىممىتىدىكى پەرقنى كۆرمەمسەن؟

30. سەۋر قىلىش بىلەن ھەممە ئىشلار پۈتىدۇ. ئالدىراڭغۇ ئادەم بېشى بىلەن يىقىلىدۇ.

31. نادان ئادەم ئۇچۇن سۆزلىمەي شۈك ئولتۇرۇشتىن ياخشى ئىش يوق. ئەگەر نادان بۇ مەسلىھەتنى بىلسە ئىدى نادان بولمايتتى.

32. ئۆزىدىن بىلىملىك دانا ئادەم بىلەن سۆز تالىشىپ جىدەللەشسە، پۈتۈن خەلق بىلىدۇكى، جىدەلچى نادان، بىلىملىك ئادەم ھامان دانادۇر.

33. ھەركىم يامان ئادەملەر بىلەن بىرگە بولسا ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.

گەر پەرىشتە دىۋە بىرلە ئولتۇرۇر،
ۋەھشىيلىكنى ئۆگىنىپ خائىن بولۇر.

يامانلاردىن يامانلىقتىن بۆلەك نەرسىنى ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس، بۆرە ھېچقاچان جۇۋىچى بولالمايدۇ.

34. كىشىنىڭ جامائەتتىن يوشۇرىدىغان ئۇياتلىق ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا چىقارساڭ، قارىماققا كىشىنى خەلق ئالدىدا رەسۋا قىلىسەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنى خەلق ئىچىدە ئىشەنچسىز قىلىسەن.

www.uyghurkitap.com

35. ئىلىم ئوقۇپ ئەمەل قىلمىغان ئادەم، يەرنى ھەيدەپ تەييارلاپ، ئۇرۇق چاچمىغان دېھقانغا ئوخشاشتۇر. قەلبى يوق تەندىن نەتىجە كەلمەيدۇ، مېغىزى يوق شاكال خېرىدارغا يارىمايدۇ. ئىجتىھاتلىق، كۆرەشچان ئادەم مۇئامىلىدە توغرا بولىدۇ.
36. ئەگەر كېچىلەرنىڭ ھەممىسى «شەبى قەدرى»[①] بولسىدى، شەبى قەدرى قەدىرسىز بولاتتى.

*تاشلار ھەممىسى ياقۇت بولسا ئىدى،*
*ياقۇت بىلەن تاش قىممىتى پەرقسىز بولار ئىدى.*

37. شەكلى چىرايلىق كۆرۈنگەن كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ياخشى بولىۋەرمەيدۇ. ئىش ئادەمنىڭ قەلبىدە، تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئەمەس.
بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە بىلىم دەرىجىسىنى بىر كۈندە تونۇۋېلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن خاتىرجەم بولۇشقا ۋە ئالدىنىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ يامان خۇسۇسىيەتلىرى كۆپ يىللاردىن كېيىن مەلۇم بولىدۇ.
38. ئارسلان بىلەن پەنجىلىشىش ۋە قىلىچقا مۇشتۇمىنى تۇتۇش ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.
39. نەسىھەت قوبۇل قىلمىغان ئادەم تاپا ـ تەنە، رەسۋالىققا قالىدۇ.
ساڭا نەسىھەت تەسىر قىلمىسا، مالامەت ۋە تاپا ـ تەنە قىلىنغاندا شۈك ئولتۇر!
40. بىلىمسىز، ھۈنەرسىزلەر ھەسەت قىلىپ بىلىملىكلەرنى ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ خۇددى بازار ـ كوچىلاردا يۈرىدىغان ئىتلار ئوۋ ئىتىنى كۆرەلمىگەندەك. بازار ئىتى يىراقتىن تۇرۇپ ئوۋ ئىتىغا قارشى غوۋغا قىلىدۇ، ئوۋ ئىتىنىڭ قېشىغا كېلەلمەيدۇ، يەنى بىلىمسىزلەر ۋە پەزىلەتسىزلەر بىلىملىك ئادەملەرگە ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە تەڭ كېلەلمەي ئۇلارنىڭ تېرىسىنى غاجايدۇ.

*غەيۋەت قىلغۇر ئەلگۈەتتە قولى يەتمەس ھەسەتخور،*
*ئۆتتۈلىدۇ تىللىرى گاچا بولۇپ ئالدىدا.*

41. ئەگەر قورساقنىڭ جەۋرى ـ جاپاسى بولمىسا ئىدى، ھېچقانداق قۇش ئۇۋچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشمەيتتى، بەلكى ئوۋچى تۇزاقىنىمۇ قۇرمايتتى.
42. ئاقىل ـ نادانلار ئۇزاقتا تاماق يەيدۇ تەقۋادار كىشىلەر يېرىم قورساق تاماق يەيدۇ (بەك تويغۇدەك يېمەيدۇ). ياشلار ئالدىدىن تاۋاقنى كۆتۈرۈپ كەتكۈچە يەيدۇ. قېرى كىشىلەر تەرلىگۈچە يەيدۇ. ئەمما قەلەندەر (دەرۋىش) لەر ئاشقازىنىدا تىنىشقا ئورۇن قالمىغۇچە، داستىخاندا ھېچنەرسە قالماي تۈگىگۈچە يەيدۇ.
قورساقتا قۇل بولغۇچىلار ئىككى كېچە ئۇخلىيالمايدۇ. تويۇپ كەتكەن كېچىسى سىڭدۈرەلمەي ئۇخلىمىسا، ئىككىنچى كېچىسى تويمىغانلىقتىن بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمايدۇ.

---

① شەبى قەدرى: ئىسلام دىنىدا رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ، 27 ـ كېچىسى ئەڭ ئۇلۇغ رەھمەت كېچىسى، قەدىرلىك كېچە دېيىلىدۇ.

43. *دۈشمىنى ئالدىدا تۇرۇپ يوقاتمىغان ئادەم ئۆزىگە دۈشمەن.*

*تاش قولۇڭدا بار ئىكەن ئۇرغىل يىلاننىڭ بېشىغا،*
*ئويلىنىپ تۇرماق ئۇ چاغ كۆڭلى قارالارنىڭ ئىشى.*

44. نادان ـ جاھىل بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئالىم نادان ـ جاھىلدىن ئىززەت ئۈمىد قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر جاھىل سىزدە ئالىمغا قوپاللىق قىلسا ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ، تاش گۆھەرگە تەگسە، گۆھەرنى سۇندۇرىدۇ.

45. يىرتقۇچ يولۋاسقا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش قويلارغا زۇلۇم قىلغانلىق.

46. نادان، نومۇسسىزلار گۇرۇھى ئارىسىدا سۆزلىگەن ئالىمنىڭ ئەھۋالىغا ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ. راۋابنىڭ چىرايلىق ئاۋازىنى دۈمباقنىڭ ئاۋازى ھامان بېسىپ كېتىدۇ. ئىپار، ئەنبەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى سامساقنىڭ سېسىق پۇرىقى بېسىپ كەتكەندەك.

*ئېگىز ئاۋاز نادان باش كۆتەردى،*
*كى دانانى نومۇسسىزلىق بىرلە يىقىتتى.*
*ھىجاز ئاھاڭىدە چالساڭ مۇزىكا،*
*كاۋاك دۈمباق ئۈنىدىن پەسكە تۈشتى.*

47. گۆھەر ئەگەر لايغا بۇلغانسىمۇ قىممەتلىك، چاڭ ـ توزان ئاسمانغا ئۆرلىسىمۇ قەدىر ـ قىممەتسىز.

ئىقتىدارلىق ئادەمنى تەربىيىلىمەسلىك ئەپسۇسلىنارلىق، ئىقتىدارى يوق ئادەمنى تەربىيىلەش ئۆمرىنى زايە قىلغانلىق. شېكەرنىڭ خاسىيتى شېكەر قومۇشىدا.

48. ئىپار شۇنداق نەرسىكى ئىپار ساتقۇچى «ئىپار پۇرايدۇ». دېمىسىمۇ ئىپار ئۆزى پۇرايدۇ. دانا ـ ئالىم ئەتىر ساتقۇچىغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ئاۋازسىزلا ئۆز پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ. نادان ـ بىلىمسىز سېرىكچىنىڭ دۈمبىقىغا ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى بولسىمۇ ئىچى كاۋاك.

49. ئۇزۇن ئۆمرۈڭدە قولغا كەلتۈرگەن دوستنى بىر نەپەستە ئازارلىشىڭ لايىق ئەمەس.

*ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ تاش بولغۇسى لەئل،*
*ئۇنى بىر دەمدە تاشقا ئۇرما ھەرگىز.*

50. غەيرەتسىز ئادەم ئەقىل نەپسىنىڭ قولىدا خۇددى ھىيلىگەر، مەككار خوتۇننىڭ قولىغا گىرىپتار بولغاندەك تۇتقۇندۇر.

*خۇشاللىقنىڭ ئىشىكى مۇنداق ئۆيگە بېكىلۇر،*
*يامان خوتۇن غوۋغاسى ئەشۇ ئۆيدىن ئىشتىلۇر.*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە ①

بارتولد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر

## بەشىنچى لېكسىيە (ئەسلى كىتاب 79 ـ 99 ـ بەتكىچە)

قەشقەر بۇغراخانىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا، ئىسلام تارىخچىلىرى ھېچقانداق ئىشەنچلىك خاتىرە قالدۇرمىغان. ئىسلام ئالىملىرىغا دائىر رىۋايەتلەردە كالىمات (Kalimati) ئىسىملىك بىر خۇداگۇي كىشىنىڭ باغداد يىلنامىلىرىدە قەيت قىلىنغىنىغا قارىغاندا، تەخمىنەن نۇرغۇن تۈركلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يىللاردا (تەخمىنەن 960 ـ يىلى) تۈرك خاقانىنىڭ ئوردىسىغا بارغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ (سامانى: «نەسەبنامە» گە قاراڭ، جىغىنى خاتىرىلەش مەجمۇئەسى، X X ، 486 ـ بەت). بىراق، بۇغراخان توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە بۇ كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدۇ (قەدىمكى كىتابلاردا ھەرگىزمۇ بۇ پانىي ئالەمدىكى يول كۆرسەتكۈچىلەر تىلغا ئېلىنمىغان)، بەلكى بۇغراخان بىر قېتىملىق چۈشىدە ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى قوبۇل قىلىپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان دېيىلىدۇ (ئىبن ئاتىر، XI ، 54 ـ بەت). مۇشۇ ئىش توغرىسىدىكى باشقا بىر رىۋايەتتە، ھېلىقى كىشىنىڭ ئورنىدا تۈرك خانى زېمىنىغا قېچىپ كەلگەن بىر سامانى شاھزادىسى تىلغا ئېلىنىپ، شۇ بۇغراخانىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدا نۇرغۇن رېئاللىققا ماس كەلمەيدىغان توقۇلما ئىسىم ھەم ۋاقىتلار بار. گەرچە بۇ رىۋايەت 10 ـ ئەسىردىكى قەشقەرلىك بىر تارىخچىنىڭ يوقاپ كەتكەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ (گېڭ شىمىن: ئابدۇل جاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى»، بارتولد: «تۈركىستان» بىرىنچى قىسىم [ئەسلى قولىيازمىسى]، 131 ـ بەت).

سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قەشقەر ئىدى («ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى» ...، I ، 844 ـ بەت). ئۇنىڭ نەۋرىسى بۇغراخان ھارۇن بىننى مۇسا («ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى»، I ، 803 ـ بەت) بالاساغۇندا تۇردى (يۇقىرىقى كىتاب بىلەن ئوخشاش، I ، 639 ـ بەت) ھەم شۇ يەردىن يۈرۈش قىلىپ ماۋرائۇ شەھىرىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر بىلەن بالاساغۇن دائىم بىللە تىلغا ئېلىنىدى. ئۇلار ئوخشاشلا قاراخانىلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ شەھەرلەر ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، گەرچە بالاساغۇن شەھىرى قاراخانىلار سۇلالىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتكە ئىگە بىر شەھەر بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇ ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بېكىتىشكە ياردەم بېرەلەيدىغان بىرەر لىنىيە خەرىتىسىمۇ يوق. 10 ـ ئەسىردىكى جۇغراپىيىشۇناس مۇقەددەسىنىڭ ئەسىرىدە («ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى»، III ، 27، 517 ـ بەتلەر)

① گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ نېمىسچىدىن ئىشلىگەن خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى، بېشى ئالدىنقى ساندا.

بۇ شەھەرنىڭ نامى (ۋالاساكۇن دەپ يېزىلغان) ئۇچرايدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئورنى كۆرسىتىلمىگەن. «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە ھەم گەردىزىنىڭ ئەسەرلىرىدە، بۇ شەھەر تىلغا ئېلىنمىغان، بەلكىم بالاساغۇن شەھىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن باشقىچە نام بىلەن ئاتالغان بولۇشى ھەم 9 - 10 - ئەسىردىكى ئىسلام جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ لىنىيە خەرىتىسىدە ئاشۇ كونا نام بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. چۇ دەريا ۋادىسىدىكى ئاساسلىق شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەرەب ھەم جۇڭگو يازغۇچىلىرى دائىم سۇياب شەھىرىنى تىلغا ئالىدۇ.

بالاساغۇن دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ كېلىش مەنبەسى تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇرۇن بۇ ئىسىم موڭغۇل تىلىدىكى بالغاسۇن (شەھەر) دىن كەلگەن دەپ قارىلاتتى، بۇ خىل قاراشنى ھېچكىم قوللىغىنى يوق. سۆز تومۇرىدىكى بالا = بالا (ئادەمنىڭ بالىسى) غا تەڭداشمۇ، يوق (كېلىشمىن: ئۇنداقتا، بالاساغۇن «بالاسانغۇن» دېگەن مەنىدە بولىدۇ). تۈركلەر ئارىسىدا بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى قۇزئۇلۇش («دىۋان» I ، 60 - بەت، ئۇلۇش - كەنت، شەھەر دېگەن مەنىدە) ياكى قۇز ئوردۇ («دىۋان» I ، 112 - بەت). ئوردۇ دېگەن بۇ سۆز ئەينى دەۋردىكى باشقا شەھەرلەرنىڭ نامىدىمۇ ئۇچرايدۇ، قۇز دېگەن سۆز توغرىسىدا مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان» دا چۈشەنچە بەرمىگەن.

بالاساغۇن شەھىرى سوغدىلار قۇرغان شەھەرلەردىندۇر. ئۇنىڭ تۈركلىشىش جەريانى مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدە تېخى ئاخىرلاشمىغان بولۇپ، ئىسفىجاپ، تالاس ھەم بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى سوغدىچە ھەم تۈركچە سۆزلىشەتتى. ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكىگە ئوخشاش، «دىۋان» دىمۇ سوغدىلارنى سوغدات دەپ ئاتىغان، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار سەمەرقەند ھەم بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى سوغدىلار يېرىدىن كەلگەن كىشىلەردۇر. سوغدىلار تۈركچە كىيىنەتتى ھەم تۈركلەرنىڭ ئادىتىنى قوبۇل قىلغانىدى («دىۋان» ، I ، 319 - بەت) ئىسفىجاپتىن بالاساغۇن شەھىرىگىچە بولغان رايون ئارغۇ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىسىم باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ. مەھمۇد قەشقىرى، ئارغۇ ئادەتتە ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى چېگرا يولنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بايان قىلىدۇ. ئېنىقكى، ئارغۇ رايونى ئالېكساندىر لوفس تېغى (چۇ دەرياسى ھەم تالاس ئارىلىقىدىكى تاغ تىزمىسى) بىلەن چۇئىلى تاغ تىزمىسى ئارىلىقىغا جايلاشقاچقا، مۇشۇ ئىسىم قويۇلغان. بالاساغۇن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى سوغدىلار تىلغا ئېلىنمىغان. مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدە ئارغۇ رايونىدىكى سوغدىلار ئەلۋەتتە ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىدىن ئىدى. مەھمۇد قەشقىرى سوغدىلارنىڭ تۈركلەردىن بۇرۇن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان - قىلمىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۈركلىشىشتىن ئىلگىرى، تىل ھەم كىيىم - كېچەك، مەدەنىيەت جەھەتتە تۈركلەرگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا توختالمىغان.

شىنجاڭدىكى تۈركىي قەۋم بولمىغان ئەسلىدىكى ئولتۇراق ئاھالىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋان» ىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ دەۋرلەردە تۈركىي بولمىغان باشقا قەۋملەرمۇ يەنىلا بار بولۇپ، ئۇلار كەنجەكلەر دەپ ئاتالغان (كەنجەك «دىۋان» ، I ، 114 - بەت). بۇ قەۋم باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ، ئەينى دەۋردە كەنجەكلەر تۈركلىشىپ بولغان، بىراق يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىل قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قالغان (بىر قىسىم سۆزلۈكلەر ھەم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ).

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، قەشقەر ئەمەس بەلكى بالاساغۇن شەھىرى ئىسلام دۇنياسى — سامانى سۇلالىسىغا يۈرۈش قىلدى. قەشقەر ئەينى دەۋردە تۈركلەر كۆپ سانلىقنى تەشكىل

قىلغان شەھەر ئەمەس ئىدى. ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ھارۇن بۇغراخان ئىسفىجاپ ياكى سايرام شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىۋالدى. سايرام قارىماققا بىر كىچىك تۈرك ھاكىمىيىتىگە ياكى تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى سۇلالىگە ئوخشاپ قالدى. 992 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخان سەمەرقەند ھەم بۇخاراغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت ئۇنى ۋاقىتىنچە بۇ ئىككى شەھەرنى تاشلاپ بالاساغۇنغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇ يىلى ھارۇن بۇغراخان ئۆلۈپ كەتتى، بىراق توققۇز يىلدىن كېيىن ماقۇللانغان تىنچلىق شەرتنامىسى بىلەن سامانى سۇلالىسىنىڭ زەرەپشان دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بارلىق زېمىنى قاراخانىلار قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 999 ـ يىلى قاراخانىلار سۇلالىسى سەمەرقەند ھەم بۇخارانى قايتىدىن ئىگىلىۋالدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا سامانى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى گەرچە ئەجدادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قايتا گۈللەندۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركلەرنىڭ ماۋرەئۇننەھرى رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتەلمىدى.

قاراخانىلار سۇلالىسى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا توسۇلۇپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدى، ئۇلار ئارقىدىنلا مەھمۇد غەزنەۋى سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلدى. مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ تارىخچىلىرى بۇ ئىش توغرىسىدا، تۈركلەرنى كۆزى كىچىك، پاناق بۇرۇن كېلىدۇ دەپ تەسۋىرلەپ ھەدىس قالدۇرۇشتى (بارتولد: «تۈركىستان»، 273 ـ بەتتىكى خاتىرىگە ئاساسلانغان)، بۇ بىر ھەدىس تۈركلەر موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئەمەس دېگەن قاراشقا قارشى قويۇشقا بولىدىغان كۈچلۈك ئىسپات.

ئىران رايونىدىكى تۈركلەر بىلەن بولغان كۈرەشكە ئىرانلىقلار ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە باھا بەرگەن بولۇپ، بۇ دەۋردە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى مەيدانغا كەلگەن. بۇ كىتاب سامانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇت غەزنەۋى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن كىشىلەر بايقىغان. كىتابتا ئىرانلىقلار ھەم تۇرانلىقلارنىڭ ئۇرۇشى كەڭ دائىرىدە تەسۋىرلەنگەن. 6 ـ ئەسىردە تۈركلەر مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ، تۇران دېگەن بۇ سۆز تۈركىستان، يەنى تۈركلەر زېمىنى دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. بۇ ئۇرۇشلاردا گەرچە تۇرانلىقلارنىڭ قەھرىمانىنىڭ ئىسمى ساپ ئىرانچە بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى يەنىلا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەنئەنە قاراخانىلار سۇلالىسىگىمۇ سىڭىپ كىرگەن، چۈنكى قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە ئىران داستانچىلىقىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان، ئۇلار رىۋايەتتىكى تۇران قەھرىمانىنىڭ ئىسمىنى گەرچە ئۇ تۈركچە ئىسىم بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئاتىغىنى بويىچە ئافراسىياپ، دەپ ئالغان. بىز تۇنجى بولۇپ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدىن، تۈرك قەدىمكى قوشىقىدىكى ئالىپ ئەرتۇڭا بىلەن ئافراسىياپنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان» دا بىر قىسىم خەلق قوشىقىنى نەقىل كەلتۈرگەن ھەم ئۇنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان. ئۇ تەرجىمىدە ئالىپ ئەرتۇڭانى ئافراسىياپ دەپ تەرجىمە قىلغان («دىۋان»، I، 44 ـ بەت). ئافراسىياپ توغرىسىدىكى پارسلارنىڭ رىۋايىتىدە، ئافراسىياپ تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر جاي بىلەن باغلانغان بولۇپ، قەشقەر ئافراسىياپنىڭ خانلىق پايتەختى («دىۋان»، I، 288 ـ بەت) ھەم بارچۇق شەھىرىنى ئافراسىياپ قۇرغان، دېيىلگەن. يەنە قەھرىمان بىزېن (Bizen) بارچۇقتا دەپنە قىلىنغان، دېيىلگەن («دىۋان»، I، 318 ـ بەت). پارسلارنىڭ داستانىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئافراسىياپنىڭ قىزى بىلەن يوشۇرۇن توي قىلغان، ئافراسىياپ ئۇنى بايقاپ قالغان ھەم بۆيرۈق بىلەن قۇدۇقتا تاشلىۋەتكەن، رۇستەم ئۇنى قۇتقۇزۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغان. ئېنىقكى فىردەۋس ھەم ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن دەقىقى (سامانى سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان) تۇرانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى شۇ دەۋردىكى تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن ئالغان. بۇ بىر نۇقتىغا ئالاقىدار مىساللاردىن شەھەر ھەم ئوخشاش بولمىغان تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئىسمى بار بولۇپ، تۈركىي يېزىقى خەتتى پەيغىۋى (hatti paighevi) تىلغا ئېلىنغان. paighu دېگەن بۇ سۆزمۇ باشقا سۆزلەرگە ئوخشاشلا، ئۇرخۇن مەڭگۈ تېشىدىكى يابغۇ (yabghu) دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولسا كېرەك. بۇ نامنى قارلۇق ھۆكۈمرانلىرى ئىشلەتـكەن.

بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى خوتەننىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى قەشقەر ھۆكۈمرانى يۇسۇپ قادىرخان (ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوغلى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك، گەردىزىنىڭ خوتەن توغرىسىدىـكى خاتىرىسىدە (قاراخانىلار سۇلالىسى بۇ جاينى بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا مەنـسۇپ بولسا كېرەك)، خوتەندىمۇ خرىستىئان چېركاۋلىرى ھەم بىر قىسىم مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنىدۇ (بارتولد، ئوتقىت تېكىستى، 94 - بەت). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ يەرگە بۇددا دىنى مەزگىلىدىلا ئاللىبۇرۇن ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىپ بولغان.

مەھمۇد غەزنەۋى سۇلالىسىنىڭ مۇسۇلمان قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەنلا مۇناسىۋىتى بولۇپ قالماستىن، گەردىزىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، 1026 - يىلى ئىككى دىنسىز تۈرك خانىنىڭ ۋەزىرلىرى مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ يېنىغا كەلگەن ھەم قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان (گەردىزى، «تۈركىستان»غا قاراڭ. 286 - بەت). ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ ئىككى خان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جاي ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. شۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىش ۋەقەسى يەنە XIV ئەسىردە كىتاب قىلىنغان جامالىدىن ئىبن ماخاننىڭ پارسچە، تۈركچە ھەم موڭغۇلچە لۇغىتىدە ئۇچرايدۇ (گېلڭ شىمىن: «لياڭ سۇلالىسى خەت - چەكلىرى»گە ئاساسلانغاندا، تەيپىڭنىڭ 4 - يىلى، يەنى 1024 - يىلى لياۋ خاقانى ئافغانىستانغا ئەلچى ئەۋەتكەن، ئەلچى شىنزۇڭنىڭ خېتىنى شۇ يەردىكى خانلىققا ئېلىپ بارغان بولۇپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇدىلىشىشنى تىلغا ئالمىغان).

ئىبن ماخاننا 12 مۆچەل ئۈستىدە توختالغاندا، تېۋىپ مەرۋىزىنىڭ (شاھ زامان ئەل مەرۋىزى) ئاللىبۇرۇن يوقالغان «ھايۋاناتلار توغرىسىدا تەھلىل» دېگەن كىتابىدىن (گېلڭ شىمىن: ئۇ كىتاب ھازىر تېپىلدى، مىندرىسكىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بار) نەقىل كەلتۈرۈپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى «جۇڭگو خانى ھەم تۈرك ھۆكۈمرانى»دىن خەت تاپشۇرۇۋالغان ۋاقىت ھىجرىيە 418 - يىلى = مىلادىيە 1027 - يىلى ئىدى، دەيدۇ. خەت يېزىلغان ۋاقىت چاشقان يىلى (1024 - يىلى) 5 - ئاي ئىدى. گەردىزى ئەلچىلىككە بارغان ئىش ئۈستىدە ھىجرىيە 417 - يىلى = مىلادىيە 1026 - يىلى دەپ خاتىرە قالدۇرىدۇ، تېۋىپ مەرۋىزى بولسا بۇ ھىجرىيە 418 - يىلى = مىلادىيە 1027 - يىلقى ئىش دەپ بايان قىلىدۇ. چاشقان يىلى مىلادىيە 1024 - ياكى 1036 - يىلىغا باراۋەر كېلىدۇ.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى رايونىنىڭ چېگرىسىنى پەقەت مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدىن كۆرەلەيمىز، شۇ نەرسە بىزگە ئايانكى، شىنجاڭنىڭ مەدەنىـيەت رايونى ئاساسلىقى ئىككى سودا يولىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي سودا يولى كۇچا ھەم تۇرپانغا تۇتىشاتتى، جەنۇبىي سودا يولى خوتەندىن لوپنۇرغا تۇتىشاتتى. تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى. مەھمۇد قەشقىرى ئۇسىمى تارىم بولسا ئىسلام دىنى دۆلىتىدىن ئۇيغۇرلار زېمىنىغا ئېقىپ كىرىدىغان چوڭ دەريا ھەم ئۇ قۇملۇققا ئېقىپ كىرىپ

www.uyghurkitap.com



يوقايدۇ، دەپ بايان قىلىدۇ («دىۋان»، I، 116 ـ بەت). 11 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى تېخى تۇرپان، لوپنۇرغا يېتىپ بارمىغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىمالىي چېگرىسى كۇچا («دىۋان»، I، 339 ـ بەت) ھەم بۇگۇر (يۇقىرىقى كىتاب، 301 ـ بەت)، جەنۇبىي چېگرىسى چەرچەن شەھىرى (يۇقىرىقى كىتاب، 364 ـ بەت) ئىدى.

يەنىمۇ شەرقتە ئۇيغۇرلار ئېلى بولۇپ، ئۇنىڭ خانى كۆل بىلگە خان دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ بايان قىلىنغان («دىۋان» 358 ـ بەت). بىراق مەھمۇد قەشقىرى بۇ جايدا Kana yusamma («ئاتاپ ئادەتلەنگەن» دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ ئەرەبچە سۆز بۇ نامنىڭ ئۇتمۇشىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدە ئۇيغۇر خانىنىڭ قانداق ئاتالغىنىغا كەلسەك، بۇ بايان قىلىنمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇد قەشقىرى كۆل (kul) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى كۆل (kol) بىلەن باغلاپ قويغان (گېبىڭ شىمىن: قەدىمكى تۈرك تىلىدا «كۇل (kul)» نىڭ «شەرەپلىك» دېگەن مەنىسى بار ئىدى، كۆل (kol) بولسا كۆلنى كۆرسىتەتتى)

مەھمۇد قەشقىرىمۇ ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ خوتەننى بويسۇندۇرغانلىق ئىشىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆز «دىۋان»ىدا بۇ بىر نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «دىۋان» دا جېنكشى (كېيىنكى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمىمۇ مۇشۇنداق) دېگەن ئىسىمنى تىلغا ئالغاندا، خوتەن ئەمىرى مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ، دەل شۇ كىشى خوتەننى بويسۇندۇرغان دېيىلىدۇ («دىۋان»، Ⅲ، 279 ـ بەت)، دېگەن.

«دىۋان» دا ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئالاقىدار نۇرغۇن قوشاقلار بار (ك. بولىكمان: «قەدىمكى تۈرك قوشاقلىرى»، I «شادىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن چىقىرىلغان ماقالىلەر توپلىمى» 1 ـ بەت). ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددا دىنى باغلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى بۇددا راھىبىنى ئىپادىلەيدىغان تويىن (toyin) دېگەن سۆز ھەم بۇددا دىنى كىتابلىرىنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەن نوم (nom) دېگەن سۆزنىڭ كېيىن موڭغۇللار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىشنى 13 ـ ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى جۇۋەينىمۇ بىلەتتى. مەھمۇد قەشقىرى، نوم دېگەن بۇ سۆز ھەرقانداق دىنىي كىتابنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ كىتابلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ («دىۋان» Ⅲ، 100 ـ بەت)، دەپ بايان قىلغانىدى.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى ھەم خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال يوق. پەقەت مەھمۇد قەشقىرىنىڭ باچاق (baqak) دېگەن سۆزىنى، «خرىستىئان دىنىنىڭ روزا كۈنى» («دىۋان»، I. 345 ـ بەت) دېگىنىگە قارىغاندا، تۈركلەر ئارىسىدىمۇ خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ سۆز يەنە تۈركچە مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ، ئۇ «مانى دىنىنىڭ روزا كۈنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (لىكوك: «مانى دىنى تۆۋە دۇئاسى» chuas Tuanift قا قاراڭ)، دەپ چۈشەندۈرگەن. قىزىقارلىقى، قاراخانىلار سۇلالىسى مۇسۇلمان ئىرانلىقلار ھەم دىنسىز ئۇيغۇرلارنى ئوخشاشلا تات (tat) («دىۋان»، I، 224 ـ بەت) دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە ھازىر تالاش ـ تارتىش بار. مىللەتشۇناسلىقتا، بۇ سۆز ھازىر كاۋكازدىكى ئىران ـ تۈرك ئارىلاشما تىلدا سۆزلىشىدىغان يەھۇدىيلارنى ئاتاشقا قوللىنىلىدۇ (گېبىڭ شىمىن: تات تىلى بىر خىل ئىران تىلى بولۇپ، ئۇ ئىران تىلىنىڭ غەربىي تارمىقىغا مەنسۇپ)، بۇ سۆز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركمەنلەر ئارىسىدا يېزا مەدەنىيىتىگە ئىگە كىشىلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدۇ (شۇالىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇ سۆز

11 ـ ئەسىردىمۇ مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلغان، بولمىسا ئوخشاش بىر سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن بىرلا ۋاقىتتا ئىرانلىقلار ھەم ئولتۇراق تۈرك ئۇيغۇرلىرىنى ئاتاشقا قوللىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدا ئاز بولمىغان ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار بار بولۇپ، گاۋچاڭ (قوچۇ) شەھەر ئىسمى، شۇنداقلا پۈتكۈل رايوننىڭ نامى («دىۋان» III، 165 ـ، 180 ـ بەت). ئورخۇن مەڭگۈ تېشى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە قوچۇ شەھىرى تىلغا ئېلىنغان، بۈگۈنكى تۇرپاندىكى قاراخوجا، ئىدىقۇت شەھىرى خارابىسى («ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ شەھىرى» دېگەن مەنىدە) ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى مۇھىم شەھەرلەر ئىدى. شىمالىي قىسمىدا ئاساسلىق شەھەر بەشبالىقتىن باشقا سۈلمى، جانبالىق، يېڭى بالىقتىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر بار ئىدى. مانى دىنىنى قوبۇل قىلىپ 300 يىلدىن كېيىنمۇ، ئۇيغۇرلار يەنىلا باتۇرلۇقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكنى يوقىتىپ قويمىدى. ئوقيا ئېتىش، ئۇرۇشقا ماھىرلىق جەھەتتە، ئۇيغۇرلار باشقا دىنسىزلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى («دىۋان»، I، 103 ـ بەت).

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنى چوماق دەپ ئاتىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز («دىۋان»، I، 319 ـ بەت). جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقىدا، بۇ سۆز «ھارۋىدا مال ساتقۇچى سېتىقچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار رايونىدا، ئىسلام مۇخلىسلىرى ئومۇمەن سودىگەرلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

مەھمۇد قەشقىرى ئىلى دەرياسى ھەققىدە توختالغاندا، مەلۇم بىر خاننىڭ ئوۋغا چىققاندا قوغلىغان ھايۋانلىرىنىڭ ئىلى دەرياسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ، شۇ ئارقىلىق 12 مۆچەلنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ («دىۋان»، I، 289 ـ بەت).

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانى لۇغەتىل تۈرك» ناملىق كىتابى باغدادتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ كىتابنى ھىجرىيە 466 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، يەنى مىلادىيە 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزىشنى باشلىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بىراق، ئىككى نۇقتا بۇ ۋاقىت ئۈستىدە كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ: بىرىنچىسى، ئۇنىڭدا خەلىپە مۇقتەدى تىلغا ئېلىنغان. بىراق ئۇ ھىجرىيە 467 ـ يىلى = مىلادىيە 1075 ـ يىلى خەلىپىلىك ئورنىغا ئولتۇرغان؛ ئىككىنچىسى، 12 مۆچەل بويىچە يىل خاتىرىلەنگەندە، يىلان يىلى، يەنى 1077 ـ يىلى دەپ خاتىرىلەنگەن. «دىۋان»نىڭ خاتىمىسىدە، ئۇ ھىجرىيە 464 ـ يىلى 5 ـ ئاي = مىلادىيە 1072 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ ئايلاردا «دىۋان»نى يېزىشنى باشلاپ، تۆت قېتىم ئۆزگەرتىش ھەم كۆچۈرۈش ئارقىلىق، ھىجرىيە 466 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى = مىلادىيە 1074 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «دىۋان»نى تاماملىغانلىقىنى بايان قىلغان، يەنى ئۇ «دىۋان»نى تەقدىم قىلىدىغان خەلىپە خەلىپىلىك ئورنىغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن «دىۋان»نى پۈتتۈرگەن. بۇ ۋاقىت جەھەتتىكى قارىمۇقارشىلىقنى ياخشى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بىراق كۆچۈرمە نۇسخىسىدا كونكرېت ۋاقىت (مىلادىيە 644 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى = مىلادىيە 1266 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقان، كۆچۈرگۈچىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ كۆچۈرمىنى يازغۇچىنىڭ ئەسلىي ئەسەر نۇسخىسىغا ئاساسەن كۆچۈرگەن، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يازغۇچىنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ ئەسەرنى تاماملىغانلىقىغا قىل سىغمايدۇ.

يازغۇچى ئۆزىنىڭ كېيىن نېمە ئۈچۈن باغدادقا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئۈستىدە توختالمىغان، كىتابتىن پەقەت ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈركلەر رايونىنى ئايلىنىپ چىققانلىقىنى بىلەلەي-

مىز. ئۇ تۈركىي تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ئۇ تۈرك تىلى، تۈركمەن تىلى، ئوغۇز تىلى، چىگىل تىلى، ياغما تىلى ھەم قىرغىز تىلىنى تەتقىق قىلغان. كىتابتىكى ماتېرىياللاردىن ئۇنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئەرەب تىلى ياكى تۈرك تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ. يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلىغا پىششىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان، بىراق، كىتابنىڭ بىرقانچە يېرىدە ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ تۈركلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. يازغۇچى ئۆزىنى 3 - شەخس بىلەن بايان قىلغان، بەزىدە ئىسمىنىڭ ئالدىغا «كىتابنىڭ مۇئەللىپى» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قويغان ياكى ئاددىيلا قىلىپ ئۆزىنى مەھمۇد دەپ ئاتىغان، گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىز يوقكى، كىتابتىكى مەھمۇد دەپ تىلغا ئېلىنغانلىكى جايدا كۆرسىتىلگىنى يازغۇچىنىڭ ئۆزىدۇر. تۆۋەندىكى جۈملە يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار بايانىدۇر: «مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئىسسىق كۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بارسخان شەھىرىدىن» («دىۋان»، III، 308 - بەت). بارسخان شەھىرىنىڭ ئورنى ئىلگىرى بېكىتىلىپ بولغان. گەردىزى مۇنداق بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ: ئالېكساندىر ماكېدونىسكى بىرىنچى قېتىم جۇڭگوغا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ پارس ئەسكەرلىرىنى بارسخاندا شۇ يەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قايتاردا ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشكە ۋەدە بېرىدۇ، بىراق، كېيىن ئۇ ھىندىستان ئارقىلىق غەربكە قايتىپ، ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. گەردىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بارسخان «پارسخان» (pars+Han) دېگەن مەنىدە.

ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى بارسخان توغرىسىدا، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدا ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش بار: بىرى، ئافراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى، يەنە بىرى، ئۇيغۇر خانىنىڭ ئېتىنىڭ ئىسمى. كېيىنكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىراقلا ئىسسىق كۆلگە يېتىپ كەلگەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، تاكى 11 - ئەسىرگىچە كىشىلەر بۇ ۋەقەنى ئېسىدە ساقلىغان.

يەنە باشقا بىر جەھەتتىن، («دىۋان»، I، 102 - بەت) مۇنداق خۇلاسىگىمۇ كېلىپ قالىمىز: مەھمۇد قەشقىرى تۈرك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مۇنداق جۈملىلەر بار: «مەھمۇد، كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئېيتىدۇكى: ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەمىر (Emir) دەپ ئاتىلىدۇ، بىراق ئوغۇزلار ئەمىر (Emir) نى تەلەپپۇز قىلالمايدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇرۇش قىلىپ سامانىلار ۋارىسلىرىنىڭ قولىدىن تۈركلەر زېمىنىنى تارتىۋالغان.» بەلكىم بۇ يەردە ئېيتقىنى يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئەمەستۇر، يەنە ئالدىنقى نەقىلدىكى بايانلارغا قايتساق، ئۇنىڭدا: «Toghan Tegin ibn muhammad Qakir Tonka Han Nizam ad—din israfil (دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن، ماڭا دەپ بېرىشىچە)» دېيىلگەن. ئۇ يەنە قۇماق (kumak) ئاتلىق بىر ئەمىرنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى ئۇنىڭغا بىر مەزگىل ھەمراھ بولغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەردىن تۇخسى، ياغما ھەم چىگىللارمۇ ئىسلام مۇخلىسلىرىدىن بولسا كېرەك. ئەينى دەۋردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بازىسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا، يەنى بالقاش كۆلىگە يېقىن رايونغا جايلاشقان («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، I، 649 - بەت). بالقاش كۆلى تەرىڭ كۆل (Taring—kul) ياكى تارىڭ كۆل (Taring—kŏl) («چوڭقۇر كۆل» دېگەن مەنىدە) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. («دىۋان»، III، 99 - بەت) كۆلدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئىككى ئۆگۈز (ikiuguz)، يەنى «قوش دەريا» دېگەن مەنىدە بىر شەھەر بولۇپ، ئۇ ئىلى دەرياسى بىلەن باشقا بىر دەريا يافىنچ (yafinq) نىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا بولغاچقا، مۇشۇ نام قويۇلغان («دىۋان»، I، 58 - بەت). بىراق «دىۋان»غا قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىدە يافىنچ دەرياسى

ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا، ئىكى ئۆگۈز ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا سىزىلغان. 1253 - يىلى ياۋروپالىق ساياھەتچى رۇبرۇكس (Rubruquis) ئىلى دەرياسىدا ئىكۇس (Equius) شەھىرىدىن ئۆتكەن. بۇ شەھەر بەلكىم ئىكى ئۆگۈزنىڭ لاتىنچە قوشۇپ يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن. ئىكى ئۆگۈز شەھىرىگە يېقىن جايدا يەنە قاملانچۇ (Kamlanqu، «دىۋان»، III، 184 - بەت) دېگەن بىر شەھەر بار. كۈمى تالاس شەھىرىمۇ مۇشۇ رايوندا، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ چېگرىسىدا ئىدى. «دىۋان» غا قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىدە، ئۇ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا سىزىلغان، بىراق باشقا بىر جايدا («دىۋان»، III، 177 - بەت) بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان، دېيىلگەن. يەنىمۇ شىمالدا يامار (yamar) دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريا ئېمىل (Emil) دەرياسى① بولۇشى مۇمكىن، يەنى ئۇنىڭ ئورنى بۈگۈنكى چۆچەكتە، يەنە «بۇ جايغا يابۇقۇ (yabuku) لار ئولتۇراقلاشقان» دېيىلگەن. يابۇقۇلارنىڭ ئىسمىغا ئالاقىدار ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ دىنسىزلارغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشى ھەققىدە رىۋايەت بار، ئۇنىڭدا ئارسلان تېكىن قوماندانلىق قىلغان 40 مىڭ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى بۈگې بۇدراچ (Buge Budraq) قوماندانلىقىدىكى 700 مىڭ دىنسىز ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەھۋالى بايان قىلىنغان قوشاقلاردا ئىلى دەرياسى ھەم يامار دەرياسى (ئېمىل دەرياسى؟) دىن ئۆتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. يەنە بۇ قېتىمقى جەڭدە باسمىللارنىڭ دىنسىزلار تەرەپتە تۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. مەھمۇد قەشقە- رىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنى تىلغا ئالالىغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئۇرۇش «دىۋان» يېزىلىشتىن سەللا بۇرۇن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار سانىنىڭ بۇنچە كۆپ بولۇشى، كۆچمەن چارۋىچىلار رايوندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

مەھمۇد قەشقىرى يابۇقۇلار ساپ تۈركىي قەبىلىگە مەنسۇپ ئەمەس، دەيدۇ. يازغۇچى يەنە، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدىن باشقا، تۈرك تىلىنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. باسمىللار- مۇ مۇشۇ خىلدىكى (ساپ تۈركىي قەبىلە بولمىغان) كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر. ئورخۇن مەڭگۈ تېشىغا قارىغاندا، باسمىللار شىنجاڭنىڭ بەشبالىق رايوندا ئولتۇراقلاشقان قەبىلە بولۇپ، ئۇ يەرنى كېيىن ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن.

ساپ تۈركىي ئۇرۇقىدىن بولمىغانلاردىن يەنە تاتارلار تىلغا ئېلىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 97 نام (ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ) موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ. باشقا بىر قىسىم قەبىلىلەرمۇ موڭغۇللار بولۇشى مۇمكىن، بۇ قەبىلىلەر ساپ تۈركلەر ئەمەس دەپ رەتكە تىزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يابۇقۇلارمۇ بار. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا، موڭغۇللار مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدىلا غەربتە ئەتراپى تۈركىي قەبىلە بولغان رايونغا يېتىپ بېرىپ بولغان بولىدۇ.

يىنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار ئەينى دەۋردە ساپ تۈركلەردىن دەپ قارالغان، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ سۆزىمۇ موڭغۇللارنىڭ تۈركلەرنى موڭغۇللىيىدىن قوغلى- ۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى دەلىللەيدۇ. ئۆتكەن تاغ ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى دەۋرىدە، تۈرك خاقانىنىڭ چېدىرى بار جايدا ئىدى، دېيىلگەن. بىراق، مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدە «تاتار يايلىقىغا، ئۇيغۇرلار رايونىدىن يىراق بولمىغان جايغا جايلاشقان» («دىۋان»، I، 123 - بەت) دېيىلگەن. موڭغۇل يايلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەڭ ئاخىرقى تۈركىي قەۋم قىرغىزلاردۇر. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاسلانغاندا، قىرغىزلار 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى يوقاتقان. قىرغىزلارنىڭ موڭغۇلىيىدىن قوغلىنىشى 10 - ئەسىردىكى موڭغۇل ئۇرۇقىدىن بولغان كىدانلارنىڭ كۆچىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

جۇڭگونىڭ شىمالىدا بىر كۈچلۈك خانلىقنى قۇردى ھەم ئۇ خانلىقنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىدى. ھازىر كىدان (قىتاي) دېگەن بۇ سۆزنى موڭغۇللار، رۇسسىيىلىكلەر ھەم بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئىشلىتىدۇ، بىراق غەربىي ياۋروپادىكىلەر ئىشلەتمەيدۇ. تۈركلەر ئەرەبلەرنىڭ جۇڭگونى Sin (پارسچىدىكى Qin، پارسچىدىكى Q ئەرەبچىدىكى S غا تەڭداش كېلىدۇ) دەپ ئاتىشىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، شەرقتىن كەلگەن ئەڭ بۇرۇن ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدىغان تابغاچ (Tabghaq) دېگەن نام (كېيىنكى شەكلى: ئورخۇن مەڭگۈ تېشىدا بۇ سۆز «جۇڭگو»نى ئىپادىلەيدۇ) قوبۇل قىلىندى. مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدە («دىۋان»، I، 378 ـ بەت) كىشىلەر Sin بىلەن masin جەنۇبىي جۇڭگونى كۆرسىتەتتى. پەقەت «masin» (جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدا) ئۈچۈن تابغاچ دېگەن نام قوللىنىلغان («دىۋان» دا تاۋغاچ Tavghaq دەپ يېزىلغان)، تاۋغاچ ياكى ماچىن «يۇقىرىقى چىن» دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. in ئۆز مەنىسى ياكى ئوتتۇرا جۇڭگونى ئىپادىلەپ كەلگەچكە، كىشىلەر ھۆكۈمران قەۋمىنىڭ نامى كىدان (Hitay) نى ئاتىغان. تۆۋەندىكى Sin شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي رايونىنى كۆرسىتىدۇ. ئېنىقكى، Tavghai دېگەن بۇ سۆز باشقا مەنىدە قوللىنىلغان. جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلغاچقا، قاراخانىلار سۇلالىسىمۇ Tavsghai دېگەن بۇ نامنى قوللانغان. ئۇنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ ھۆكۈمران». بۇ نام قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ، ئەرەبچىگە malikassin دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ (جۇڭگو خانى).

«دىۋان» دا تاڭغۇتلارمۇ تىلغا ئېلىنغان، ئۇلار 1020 ـ يىلى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان. Sin بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ ئارىلىقىدا تۈركچە قاتۇن سىنى (Katun Sini) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بار ئىدى («خانىش ھەيكىلى» ياكى «خانىش مازىرى» دېگەن مەنىدە، «دىۋان»، Ⅲ، 101 ـ، 240 ـ بەت Ahmld Katun Sini, zelki Walidi دېگەن بۇ ئىسىم بىرونىنىڭ «مەسئۇدى قانۇن رىسالىسى» دېگەن كىتابىدا ئۇچرايدۇ).

ئومۇمەن، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بىر قىسىم شەھەرلەر توغرىسىدىكى قىسقا ئىزاھاتىدىن، ئۇنىڭ قولىدا تېخى تارقالمىغان تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن سىغۇن سەمۇر (Sighun Samur) دېگەن جاي ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ جايدا بۇغراخان زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن («دىۋان»، I، 343 ـ بەت) دەيدۇ، بىراق قايسى بۇغراخان ئىكەنلىكىنى ئېيتمايدۇ.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدا توپلانغان تىل ماتېرىياللىرى نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر تۈرك قوشاقلىرى (خەلق ئارىسىدىكى ھەم كىتابلاردىكى) ھەم نۇرغۇن مەدەنىيەت سۆزلۈكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماتېرىياللار بىزنى 11 ـ ئەسىردىكى ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەم گەرچە ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ (ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ سىرتىدا)، لېكىن ئىسلام دىنى بولۇپمۇ ئىران تەسىرىنىڭ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى ئۈستىدىن پۈتۈنلەي غەلىبە قىلالمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ كۆرۈنۈشى توغرىسىدا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ توغرىدا «دىۋان» دىكى بارلىق ماتېرىياللار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغىلى بولمايدۇ (ك. بۇلىكمانىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بىر يۈرۈش تەتقىقات ماقالىلىرىگە قاراڭ). تۆۋەندە ئوغۇز قەبىلىسى ھەم غەربىي تۈركلەر ئۈستىدە توختالغاندا، بىز يەنە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىمىز. مەھمۇد قەشقىرى نەقىل كەلتۈرگەن قوشاقلار ۋولگا دەرياسىدىن جۇڭگوغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ شەرقىي رايونغا، قايسىسىنىڭ غەربىي رايونغا مەنسۇپلۇقىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ.

# «توققۇز ئوغۇزلار»

**فەرۇخ سۈمەر**

تەرجىمە قىلغۇچى: ئايگۈل قادىر

توققۇز ئوغۇزلار، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا توقۇز ئوغۇز (Tokuz—oguz) ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە توقۇز گۇزز (Toguz—Guzz) دەپ تىلغا ئېلىنغان. ئۇ كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر بولغان تۈرك قەۋمىدۇر. يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بارلىق چاي (Barlik Qayi) دېگەن جايدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ بىرسىدىكى بىر ئىبارىنى رادلۇف (Radloff: Atlas, LXXVI, Sekil I ve I. 5307 — 310) ۋە ھۈسەيىن ناسىق ئورخۇن (Ankara, 1940. Ⅲ s61 « Eski Turk Yazitlari(TDK)») «ئالتە ئوغۇز» (Alti — oguz budunda) شەكلىدە ئوقۇغان. مۇبادا بۇ توغرا بولسا، توققۇز ئوغۇزلار 8 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا توغلا دەرياسىنىڭ بويىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلىشىشتىن ئىلگىرى ھەرقايىسى تاغ ئېتەكلىرىدە ئولتۇراقلاشقان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئورخۇن بويلىرىدىكى ئادىزلار (Adiz) بەزى كىتابلارغا ئاساسلانغاندا⑨ (H. N. orkun, esr, Ⅲ. 80)، خېلى بۇرۇنلا ئوغۇزلار بىلەن قوشنا ياشىغان، ھەتتا بۇ ۋەقەلەرگە ئورتاق داخىل بولغان بۇ ئىككى قەۋم (ئالتە ئوغۇز ۋە ئەدىزلەر) بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ توغلا دەرياسى بويىغا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، رادلوف (Radloff) ۋە ئورخۇن (orkun) لارنىڭ پىكرى بۈگۈنگە قەدەر قوللاشقا ئېرىشەلمىدى.

## 1. كۆك تۈركلەر دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار

كۆك تۈرك شاھزادىلىرىدىن قۇتلۇق كۆك تۈرك خانلىقىنى قايتىدىن قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىۋاتقاندا، ئوغۇزلار ئېيتىمىشلارغا قارىغاندا، كۆك تۈركلەرنىڭ شىمالىدا، توغلا دەرياسى بىلەن ئۇنىڭ غەربىدە ياشىغان ۋە ئورخۇن بويلىرىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ئىگىلىرى ئىدى. ئوغۇز دۆلىتىنىڭ تەختىدە بازقاغان ئولتۇراتتى. ئوغۇزلار قۇتلۇق قاغاننىڭ باستۇرۇپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ چىن (جۇڭگو تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە خىتاي (كىدان مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ) غا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆك تۈركلەرنى بىرلىكتە توسۇش تەكلىپىنى بەردى. كۆك تۈركلەر بۇلارنىڭ بىرلەشمىسىگە زەربە بەرمىسە، ئوغۇزلار ئۆزلىرىنى يوق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. توغلا دەريا بويلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا، ئوغۇزلار قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى مەغلۇپ بولۇپ ئەل بولدى، بىر قىسمى قاچقاندا ئۆلتۈرۈلدى. دەل بۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوغۇزلار قۇتلۇقىقا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆتۈكەن ئەتراپلىرى ئىشغال قىلىنغان، شۇنداق قىلىپ، ئېلتېرىش قاغان ئۇنۋانىنى ئالغان قۇتلۇق ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇ قەدىمكى مەركىزىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان (682 - يىلى). بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئوغۇزلارنىڭ ئۈستىدىكى

بازقاغاننىڭ ھاكىمىيىتى ھەققىدە مەڭگۇ تاشلاردا ھېچ نەرسە دېيىلمىگەندەك ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ھەققىدىمۇ ھېچ نەرسە دېيىلمىگەن. پەقەت «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»نىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئىلتېرىش قاغاننىڭ ئوغۇزلار بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇشقانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ تۆتىنىڭ مەزكۇر ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا كەسكىن بىر نەرسە دېيىش تەس. بىراق شۇنداق بولسىمۇ، بازقاغاننىڭ توغلا ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»دا، بازقاغان ھەيكىلىنىڭ ئىلتېرىش قاغان ئۈچۈن «بالبال» بولغانلىقىنى بىلىمىز. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، ئوغۇزلار ئىلتېرىش قاغان زامانىسىدا قاغاننىڭ ئىدارە قىلىشى ۋە باشقۇرۇشىدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، ئوغۇزلار تۈركلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككىنچى چوڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىلتېرىش قاغاننىڭ ئىزباسارى قاپاغان قاغان قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلغاندا (697 ـ يىلى)، بۇنىڭغا ئوغۇزلارمۇ قوشۇلغان. ئوغۇزلار بۇ سەپەردە كۆك تۈركلەر قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تەشكىل قىلغان.

قاپاغان قاغاندىن كېيىن، ئىلتېرىش قاغاننىڭ ئۇلۇغ ئوغلى قاغان بولدى (716 ـ يىلى). بۇ مەڭگۇ تاشلاردىكى تۈرك بىلگە قاغاندۇر. ئىلتېرىش قاغاننىڭ ئوغۇللىرى خانلىقنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىر مەيدان چوڭ جەڭ ئېلىپ بارغان. بۇ جەڭ دۆلەتتە قاغانلىق بىلەن مۇناسىۋىتى ئانچە قويۇق بولمىغان قەبىلىلەرنى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىش سەۋەبىدىن ئېلىپ بېرىلغان. بۇ جەرياندا، ئوغۇزلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن رەھبەرلىرى يوقىتىلغان. مەڭگۇ تاشلاردا، ئوغۇزلارنىڭ ئىسيانىغا قارشى كۈچلەر ھەر تەرەپتىن چىققانلىقى ھەم ئۇلارغا ھەسەتخورلۇق قىلغانلىقلىرى سۆزلەنگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ئوغۇزلار مەلۇم دەۋرلەرگىچە قاغانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئامىللىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىلگە قاغان ھەم تۈرك خانلىق ئارمىيىسىنى بىرلىكتە باشقۇرۇپ ئىدارە قىلغان قېرىندىشى كۆلتېگىن ئىزگىللەرنى يولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئوغۇزلارنى ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا كىرگۈزۈشكە كىرىشتى. ئۇلار ئىزگىللەردەك ئاسانلا باش ئەگمىدى ھەم بىر يىلدا بەش قېتىم ئۇرۇشتى. چۇشباش (Qus — bas) دا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا، كۆك تۈرك قوشۇنلىرى ئوغۇزلارنىڭ قارشىلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى. شۇنداقلا، كۆلتېگىن ئوغۇزلارنىڭ قورغان ـ بارگاھلىرىنى ۋە توڭرا قەبىلىسىنىڭ بېگى ئىلپاتۇت بىلەن ئون ئەر (پالۋان) نى ئەسىرگە ئېلىپ غەلىبە قازانغان. بۇ ئۇرۇشتا ھېچقانداق نەتىجە بولمىغانلىقتىن، ئىككى قېرىنداش قەبىلە ئۆزگەنتى قاداز (Ezgenti kadaz) دا قايتا ئۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. كېيىنكى يىلى باھاردا (717 ـ يىلى) بىلگە قاغان ئوغۇزلارغا يەنە قوشۇن ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇزلارنىڭ ئۈچ ئوغۇز تارمىقى بىلگە قاغان ئوردۇگاھىنى باسىرۇق قىلىپ خەۋپ ـ خەتەر پەيدا قىلدى، قاغاننىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئەسىرگە ئالماقچى بولغاندا، كۆلتېگىن بۇ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالدى. پەقەت ئوغۇزلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردىن نەتىجە كەلمىدى ۋە ئوغۇزلار ھەر قېتىمدا ئىتتىپاقلىشىپ شەرقتىكى قوشنىلىرى توققۇز تاتارلار بىلەن بىللە كۆك تۈركلەرگە قارشى چىقتى. 718 ـ يىلىدا بىلگە قاغان ئوغۇزلارغا قارشى قايتا جەڭگە ئاتلاندى. لېكىن، ئوغۇزلارنىڭ قاغانغا تەۋە بولماي

كۆچۈپ كېتىپ چىن (جۇڭگو تاڭ سۇلالىسى) غا ئىتائەت قىلغانلىقى توغرىسىدا بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشىدا بىر نېمە دېيىلمىگەن. پەقەت 720 - يىلى ئورنىتىلغان بىلگە تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشىدا: «تۈرك بىلگە قاغان تۈرك قەۋملىرى ۋە ئوغۇز قەۋملىرىنى ناھايىتى ياخشى ئىدارى قىلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ۋە بىلگە قاغاننىڭ تۈرك قەۋملىرى ۋە بەگلىرىنىڭ يېنىدا، ئوغۇز قەۋملىرى ۋە بەگلىرىگە خىتاب قىلغانلىقى، ئوغۇزلارنىڭ ئەسلىي يۇرتىغا قايتىپ قاغانغا تەۋە بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

## 2. ئۇيغۇرلار دەۋرىدىكى ئوغۇزلار

بىلگە قاغان ئۆلۈپ (734 - يىلى) ئۆزمىش خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇچە بولغان ئارىلىقتا (743 - يىلى) ئوغۇزلارنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. 743 - يىللىرى ئوغۇزلارنىڭ ئۈستىدە ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بارلىقى ۋە ئۇيغۇر بىلەن ئوغۇزلارنىڭ بىرلىكتە كۆك تۈرك قاغانى ئۆزمىش قاغانغا قارشى تۇرغانلىقى مەلۇمدۇر. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بېرى سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ھەم سىياسىي ھاكىمىيەت تەشكىل قىلىپ، رەھبەرلىرىنى «ئېلتەبىر» دېگەندەك ئۇنۋان بىلەن ئاتىغان كۆك تۈركلەرگە تەۋە بىر قەۋم ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بىلگە قاغاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، كۆك تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىللەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، كۆك تۈركلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلدۇرغان ۋە ياكى تەۋە قىلدۇرغان. مەزكۇر يىلى ئۇيغۇر - ئوغۇز بىرلەشمە كۈچلىرى كۆك تۈركلەرنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇنداقلا، شۇ ۋاقىتلاردا ئوغۇزلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» كۆرسەتكەندەك، يەنى «تۈرك بۇرۇن ئاندا ئىگارۇ يوق بولدى» (تۈرك قەۋمى ئۇ يەردە تامامەن يوق بولدى) ئىش بولدى . بۇ غەلىبە نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى ئۆتۈگەن تېغى ئېتەكلىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە «كۆل بىلگە قاغان» ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشقان بىلگە قاغان ئۇلارنى غەربكە — ئون ئوقلار زېمىنىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي (توڭگۇز يىلى 747 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن) بىلگە قاغان ۋاپات بولۇپ ئورنىغا ئوغۇزلارنىڭ قېشىدىكى ئوغلى ئولتۇردى ۋە «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇ ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى تۈرك بىلگە قاغانغا ئوخشاشلا، ئوغۇزلارنى «ئۆز قەۋمىم» دېيىش بىلەن بىرگە، قاغان بولا - بولمايلا ئوغۇزلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىلىرىنى قاتتىق ئېزىپ ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالدى. بۇلار ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ئائىت مەڭگۇ تاشلاردا «سەككىز ئوغۇز» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. ئەمما، بۇلار قاغانغا سادىق قەۋم قىلىپ قويۇلغان. ئىسيان كۆتۈرگەن سەككىز ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى تاي بىلگە تۇتۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا بابغۇ ئۇنۋانىنى كۆل بىلگە قاغان بەرگەن ئىكەن. ئوغۇزلارنىڭ كۆك تۈركلەر دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا، ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىقىغا يەنىلا باشتىن تارتىپلا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىدا قىلچىمۇ شەك يوق. ئوغۇزلار بۇ كۈرەشلەردە كۆك تۈرك دەۋرىدە ئىتتىپاقلاشقان شەرقتىكى قوشنىسى توققۇزتاتار (نايمانلارنىڭ ئىسمى ئەمەس، نايمان موڭغۇلچە سەككىز دېگەن مەنىدە) بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. ئۇيغۇر قاغانى بۇ ئىتتىپاقنى يەڭدى. ئىككىنچى كۈنى ئېلىپ بېرىلغان 2 - قېتىملىق ئۇرۇشتا، ئوغۇز - تاتار ئىتتىپاقى يەنە مەغلۇپ بولدى. بۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئوغۇز خەلقى ئىچىدىن

www.uyghurkitap.com

مۇھىم بىر قىسمى ئەسىرگە ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر قاغانى ئۇلارغا مەرھەمەت كۆرسىتىپ «جەسەت» لىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىگە چېقىلمىدى، بىراق ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىرىغا جازا ھۆكۈم قىلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئوغۇزلار ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىش تەكلىپىگە ئانچە قىزىقمىدى. بۇرگىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا ئۇلارنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى ۋە نۇرغۇنلىغان ئەسىر ۋە ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى. ئوغۇزلار كۆك تۈركلەرگە قارشى تۇرغىنىدەك، ئۇيغۇر خانلىقىمۇ قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى يۈرۈشىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلاردىن پەقەت بىر قىسمىنىلا ئىتائەت ئاستىغا ئالدى. پارس يىلى (750 - يىلى) دا كەم (kem) دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق چىگىللەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان يۈرۈش كېيىنكى مەڭگۈ تاشتا ئوغۇزلارنىڭ ئىشى قايتىدىن تىلغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ قىسمى كەمتۈك بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قانداق مۇناسىۋەت بىلەن تىلغا ئېلىنغانلىقىغا ئاسانلىقچە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوغۇزلارنىڭ قىرغىزلار ۋە چىگىللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئۇيغۇرلارغا قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن. ئەل ئەتمىش قاغانىنىڭ چىگىللەرگە قارشى يېڭى بىر يۈرۈشىنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. قاغان بۇ يۈرۈشتىن كېيىن باسمىللار ۋە قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشتى. نەتىجىدە، جۇڭگوپەرەس توققۇز ئوغۇزلار كۆك تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قاغانىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلەشتى، بۇ مەلۇماتنىڭ مەنبەسى بولغان «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» مەڭگۈ تېشىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك قەۋمى، سەككىز ئوغۇز ۋە توققۇز تاتارلار مەغلۇپ بولغان قەۋملەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان. بىراق، دانا ئۇيغۇر قاغانى «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دۈشمەنلىرى بولغان قارلۇقلار ۋە باسمىللارنى مەغلۇپ قىلىپ قارلۇقلارنى غەربكە — ئۇنى ئوقلار يۇرتىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ بېشارەتلەر ئوغۇزلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تۈرك ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر قاغانىغا ئىتائەت قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يىنىدا قەدىمكى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى شەرھەلەپ بېرىدۇ. بۇ خانلىقنىڭ كېيىنكى دەۋرگە ئائىت بىرەر مەڭگۈ تاش تېپىلمىغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارنى جۇڭگو ۋە ئىسلام مەنبەلىرىنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز.

### 3. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئۇرۇق تەشكىلى

ئوغۇزلار بەزى كىتابلاردا «توققۇز ئوغۇز» شەكلىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، ئىسلام مۇئەررىخلىرىنىڭ توغۇز گۇزز (Toguz — Guzz) دېگىنى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ يەردىكى «توغۇز» سۆزى كىتابلاردا قوللىنىلغان رەقەم بولغاندەك (مەسىلەن، ئۈچ قارلۇق، ئۈچ كورگان، سەككىز ئوغۇز، ئۈچ ئوغۇز) ئوغۇزلارنىڭ توققۇز ئۇرۇقتىن تەشكىل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇرۇقتىن پەقەت توڭرا ۋە كون (ھۇن) ئىسمىلىك ئىككىسىلا مەلۇمدۇر. دانا ئېلتېرىش قاغانىنىڭ پائالىيەتلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۈچ كۈچتىن بىر ئىتتىپاق تەشكىل قىلىش ئۈچۈن، ئوغۇزلار توڭرا ئۇرۇقىدىن ساھنى قىتانلارغا، كون (ھۇن) قەبىلىلىرىنى سەنگۈننى جۇڭگو (تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ) غا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. بىلگى قاغانىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، توڭرا ئۇرۇقىدىن بولغان ئالپاگۇتىنىڭ كۆلتىـ

گىنگە ئەسىرگە چۈشۈپ، كۆك تۈركلەردىن بولغان توڭاتېگىنىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىمىز. توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىدا دەسلەپ تىلغا ئېلىنغاندەك، بەزى چاغلاردا سەككىز ئوغۇز دەپ ئاتالغان، بۇ بىر قەۋمنىڭ ئايرىم ياكى قوشۇمچە نام بىلەن ئاتىلىپ كېيىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. پۈتۈن مەڭگۈ تاشلارنىڭ بىرىدە كۆرۈلگەن كۆن دېگەن قەبىلىنىڭ (koni Tirig=konu boydan Tirig — piri) كون (هون) دېگەن قەبىلىنىڭ ئاۋۋالقىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولمايتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شەرقتىكى قوشنىسى ۋە ئىتتىپاقچىلىرى بولغان تاتارلارمۇ تارىخىي كىتابلاردا «توققۇز تاتارلار» دەپ تىلغا ئېلىنغان، بۇلار بۇ دەۋرگە كەلگەندە بۇ ئورۇننى يوقىتىپ، تۈركچە تاتار، موڭغۇلچە نايمان دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، نايمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ۋە ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان ھەم داۋام قىلىپ كەلگەن بىر موڭغۇل قەۋمى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

### 4. توققۇز ئوغۇزلار بىلەن كۆك تۈرك، ئۇيغۇرلار مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى

كىتابلار (مەڭگۈ تاشلار) دىن شۇنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇكى، كۆك تۈرك خانلىقى (Tōruk=Turuk) تۈرك ئاتلىق قەۋمگە مەنسۇپتۇر، ھەتتا بىلگە قاغان ئۆزىنى كۆك تۈرك بىلگە قاغان (بۇنىڭ مەنىسى، تۈرك قەۋمگە مەنسۇپ بىلگە قاغان دېگەنلىكتۇر. يەنى سالۇر قازان بەگ ــ سالۇر قەۋمگە مەنسۇپ قازان بەگ بۇغدۇز ئىمىن ــ بۇغدۇز قەۋمگە مەنسۇپ ئىمىن، تۈرك ئەھمەت پاشا، چىركەس مەھمەت پاشا دېگەندەك) دەپ تونۇشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىلگە قاغان: «توقۇز ئوغۇز بۇدۇن كەنتۇ بۇدۇنىم ئەرتى. ئوغۇز بۇدۇن مەنۇم بۇدۇن ئەركى» (توققۇز ئوغۇز ۋە ئوغۇز خەلقى ئۆز قەۋمىم ئىدى) ۋە «تۈرك، ئوغۇز بەيلەرى، بۇدۇن ئىشتىن!» (تۈرك، ئوغۇز قەۋملىرى، بەگلىرى ئاڭلاڭلار!) دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارتولىد (Barthold)، مىنورىسكىي (Minorsky) ۋە باشقا مۇئەللىپلەر كۆك تۈرك ئىمپېراتورلۇقىنى بىر ئوغۇز دۆلىتى دەپ قارىشىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر قاغانىمۇ ئوغۇزلار ئۈچۈن «توقۇز ئوغۇز بۇدۇنىمىن تىرۇ قوبراتى ئالتىم» (توققۇز ئوغۇز قەۋمىنىڭ ھەممىسىنى توپلىدىم) دەيدۇ.

(H. N. OrKun. ayn. esr. sine—usu Yaziti, s. 164, sekilz: asil metin, s 165 sekil 5)

باشقا بىر يەردىمۇ ئۇلار ھەققىدە: «كەنتۇ بۇدۇنىم تىدىم» (ئۆز قـەۋمىم دېـدىم) دەيدۇ.

(H. N. orkun: ayn. esr; s. 168, sekil z: asil. metin s, 169, sekil 2)

بۇلاردىن باشقا، ئوغۇزلارنى «تاي بىلگە تۇتۇق يابلاقىن ئۈچۈن بۇدۇنۇم ئۆلتىڭ يەتدىڭ» (تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن مېنىڭ ئاددىي خەلقىم، سىلەر ھالاك بولدۇڭلار!) دېگەن سۆزلەرنى قىلىدۇ. باشقا تەرەپتىن، مەڭگۈ تاشلاردا كۆك تۈرك ئىسمىنىڭ پەقەت بىر قەۋمنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى ۋە كۆك تۈرك قاغانلىرىنىڭمۇ بۇ قەۋمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئوپئوچۇق ھەقىقەتتۇر. بۇلارغا قارىغاندا، بىلگە قاغاننىڭ ئوغۇزلارغا دائىر سۆزلىرى قەۋملەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان بولماستىن، سىياسىي ۋە ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان، يەنى بىلگە قاغان، ئوغۇز قەۋمى ماڭا تەئەللۇق، ئىدارەمدە بولىدۇ ھەم باج - سېلىقلارنى ماڭا تۆلەيدۇ، دەيدۇ. بىلگە تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا، «تۈرك بىلگە قاغان تۈرك سىر بودۇنۇغ، ئوغۇز بودۇنۇغ ئىگدۇ ئۇلۇرۇر» (تۈرك بىلگە قاغان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇزلارنى باقماقتا)، دېيىلگەن. بۇ سۆز تۈرك ۋە

www.uyghurkitap.com


ئوغۇزلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق قەۋم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسەتكەن ئىسپات. تۇر. بۇ سۆزلەر ئەينى زاماندا، تۈرك ئىسمىنىڭ تۈرك تىلى بىلەن سۆزلىشىدىغان كوللېك. تىپىنىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن دانالارچە قوللىنىلغان بىر تەبىر مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈر. دۇ.

توققۇز ئوغۇز ـــ ئۇيغۇر مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بۇنى چۈشەنمەك ئۈچۈن كۆك تۈرك دەۋرىدىن تارتىپ قىلچە پەرقى بولمىغان ۋە ئۇنىڭ داۋامىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ سىلىنگادا تۇرۇشلۇق ئېلىتەبىرنىڭ باشقىچە نامى تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» مەڭگۇ تېشىدا: «ئۇ يەردە قالغان قەۋم خەلق ـــ ئون ئۇيغۇر توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ»

(H. N. orkun. eyn. esr, sine—usu Yaziti. s. 164. sekil 2; asil metin. s. 165, sekil z;)

دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. مەڭگۇ تاشنىڭ ئەينەن نەقىل كەلتۈرۈلگەن قۇرلىرىدىن، ئۇيغۇر ۋە ئوغۇزلارنىڭمۇ تۈركلەرنىڭ كۆك تۈرك مەڭگۇ تاشلىرىدا پاكىت قىلىنغىنىدەك ئايرىم قەۋملەردىن تەشكىل قىلىنغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئون ئۇرۇقتىن ۋە ئوغۇزلارنىڭمۇ توققۇز ئۇرۇقتىن تەشكىل قىلىنغانلىقىنى ئېنىق بىلىمىز. ئون ئۇيغۇر سۆزى 9 ـ 10 ـ ئەسىرگە ئائىت بولغان قوچۇدىكى مانى يېزىقى بىلەن بىر تۈركچە تېكىستتە كۆرۈلىدۇ.

(J. Hamiton, Toquz ogoz et on uygur. J A, Paris, 1962, sayi 250, s. 39v. d.)

بۇنىڭغا ئىلاۋە بولغان ئون ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر ئارىدا ياشىغانلىقىنىڭ خاتىرىسى جەمىئۇل تارىختىمۇ كۆرۈلمەكتە. بۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئەتراپىدىكى ئون ئېقىم ئەتراپىدا ياشىغانلىرى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئېقىمدا ياشىغانلىرى توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئوغۇز ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. ئون ئۇيغۇر تۆۋەندىكى قەبىلىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن مەيدانغا كەلگەن: ئەبىشلەك (Ebislek)، ئۆتۈنگېر (ōtunger)، بۇقىز (Bukiz)، ئۆزقۇندۇر (ōz kundur ياكى orkundur)، تۇلار (Tular)، تاردار (Tardar)، ئادار (Adar)، ئۈچ تاربىن (uq Tarbin)، قاملانچۇ (Kamlnqu ياكى Kamlancu)، ئۆتىكەن (ōtìken) دىن ئىبارەت.

(Cami al—tavarih, nsr. Berezin, Petersburg. 1858, s, 125 v. d; Moskova 1965, s, 334. v. d.)

خامىلتون (J. Hamilton) بۇلارنى چىن (جۇڭگو) ۋە باشقا مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئەل ۋە ئۇرۇق ئىسىملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتى. (ayn. makale. s. 45, 50) مەڭگۇ تاشلاردا ئوچۇق تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق مەڭگۇ تاشلارنى تۇنجى بولۇپ ئوقۇغانلاردىن ۋ. تومسېن (V. Thomsen) بىلەن، ج. ماركۇئارت (J. Marqurt) ۋە باشقا ئالىملار توققۇز ئوغۇز بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش قەۋم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. بۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى، 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى توققۇز گۇززا (Toguz — Guzz) دەپ تىلغا ئالغانلىقى ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى خۇيخې (回纥) دېيىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەتتا جۇڭگو مەنبەلىرىمۇ ئۇلارنى توققۇز ئۇرۇق (九姓) نامى بىلەن تىلغا ئالغان. بىراق، بۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئىپادە قىلغانلىقى، جامىئۇل تارىختىكىلەر ئىچىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ توغرا ۋە كون قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ھەم باشقا ئىسىملار تىلغا

ئېلىنغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

### 5. ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ خاتىرىسىدىكى توققۇز ئوغۇزلار

8 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي ھاكىمىيەتنى
دەسلەپتە شەرقتىكى مۇسۇلمانلار توققۇز ئوغۇز (Toguz—Guzz) دەپ ئاتىغان ئۇيغۇرلار ۋە
قارلۇقلار ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار، كەڭ تۈرك ۋە موڭغۇل
قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكى، ناھايىتى كەڭ زېمىننىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى،
جۇڭگوغا قارشى كۈرەشلىرى ۋە ئۇرخۇن مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى يارقىن سۈرەتلە-
نىپ، كۆك تۈركلەرنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە تەرىپلەنگەن، لېكىن قارلۇقلار ئۈچۈن شۇ
ھۆكۈمنى بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ھەقىقەتەنمۇ بۇ قەۋم (قارلۇقلارنى دېمەكچى) غەربىي
تۈرك دۆلىتى ۋە ئىتتىپاقلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ھېچبىر يول بىلەن زور بىر
سىياسىي تۆھپە كۆرسىتەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن، قارلۇقلار ئون ئوقلارنىڭ پارچىلىنىشىنى
توسۇپ قالالمىغاندەك ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ 9 - ئەسىردە تۈرك يۇرتىغا قىلغان ئىستېلاسى
ۋە قەتىلىرىگە قارشى تۇرالمىدى. ئىسلام مۇئەللىپلىرى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تۈرك دۇنياسى-
نىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەۋمى ئىكەنلىكى ۋە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قاغان ئۇنۋانى بىلەن ئاتىلىدىغا-
نلىقىنى سۆزلەيدۇ. ياقۇب مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا،

(Tarih, nsr. M. Th. Houtsma. lugdunum—Batavorum, 1883, I. 478; Bart
hold. Turkstan down to mongol Invasion, london, 1928, s,202)

ئاbباسىيلار خەلىپىسى ئەل مەھدى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمدارلارغا ۋە بۇخارادىكى توققۇز
ئوغۇز قاغانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىگە تەۋە بولۇشنى تەلەپ قىلغان. يەنە شۇ مۇئەللىپ
ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خۇراسان ۋالىيسى ناسىر بىننى (ayn. esr. I. 528)
سەييار (Nasr b. sayyar) نەۋرىسى رافى بىننى لەيس (Rafi b. lays) ماۋرائۇننەھردە
توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۆزىگە ياردەمگە كەلگەن تۈرك كۈچلىرى ئىچىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭمۇ
بارلىقىنى خاتىرىلىسىمۇ، لېكىن مۇساپىنىڭ ئۇزاقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇلارنى بارتولد
(Barthold, ayn. esr, 5. 201) نىڭ كۆرسەتكىنىدەك، ئۇلارنىڭ سىر دەريا بويىدىكى ئوغۇز-
لار ئىكەنلىكىدە شەك يوق. تەبىرى

(Tarih ol—muluk val rusul, leyden, 1880, II, 1044; Barthold, ayn. esr, gōst. yer)

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ 820 - يىلى ئۇسرۇشناغا قەدەر يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدى-
كى ۋەقەنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ سىر دەريا بويلىرىدىكى
ئوغۇزلار بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. 9 - ۋە 10 - ئەسىرلەرگە ئائىت ئىسلام ئەسەرلىرى-
دە ئۇيغۇر ۋە قىرغىز دۆلەتلىرىنىڭ يوقىلىشىغا ئوخشاش مۇھىم سىياسىي ھادىسە ۋە بۇلار
بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆچۈشلەر تىلغا ئېلىنمىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بايانلارنىڭ كۆپ
قىسمىنىڭ قايسى زامانغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش قىيىندۇر. لېكىن، توققۇز ئوغۇزلا-
رغا ئائىت چۈشەنچىلەر ۋە خەۋەرلەر ئۇلارنىڭ ئورخۇن ھەم بەشبالىق ئەتراپىدا ياشىغانلىقى-
غا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. توققۇز ئوغۇزلارنى ساياھەت قىلغانلى-
قى رىۋايەت قىلىنغان تەمىن بىننى بەھر ئەل ھۇتتەۋىنىڭ بەرگەن مەلۇماتى

(V. Minorsk. Tamin b. Bahr (al—Muttavi)s Journeg to the uyghurs, B sos. 2

www.uyghurkitap.com

kisim, XI, 278—282. trc. 283 — 285)
نىڭ ئورخۇندىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىكەنلىكىدە شەك يوق. خارەزمى (847 - يىلدىن كېيىن ۋاپات بولغان.)
(Kitap—Surat al—arz, nsr. H. von. Mzik, Leipzig, 1928, s, 105)
تىلغا ئالغان توققۇز ئوغۇز سۆزى، شۈبھىسىزكى، ئورخۇن بويلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. جاھىزنىڭ (Cāhiz. 869 - يىلى ۋاپات بولغان) توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكلىكى، مانى دىنىغا كىرگەندىن كېيىن قۇدرەتلىكلىكىنى يوقىتىپ قارلۇقلارغا يېڭىلىپ قالغانلىقىغا دائىر خاتىرىلىرىمۇ
(R. sesen. Eski Arablara gōre Turkler, Turkiyat mecmuasl, 1968, XV. 34)
848 - يىلىدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىتتۇر (ۋ. مىنورىسكىي: «ھۇدۇدۇل ئالەم» 1937 - يىلى لوندون. 286 - بەت. كىرىش سۆز قىسمى.)
(V. Minoresky. Hudud al—alam, london, 1937 s. 268)
ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلار تەرىپىدىن ئورخۇن بويلىرىدىن قوغلانغاندىن كېيىن 860 - يىللاردا بەشبالىقتا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى خاتىرىلىگەن. ئىبنى خورداز بىھ (Ibn hurdazbeh) (ئەل - مەمالىك ۋەل - مەسالىك. م. ج. دې گىئوجى نەشرگە تەييارلىغان. لوگدونوم - باتاۋورۇم. نەشرى. 30 - بەت.)
(K. mamālik Vál—masalik, nsr. M. J. de Goeje. lugdunum—Batavorum, s. 30v. d)
توققۇز ئوغۇز تۈركلىرى ماكانىنىڭ ئەڭ كەڭ تۈرك ئۆلكىسى ئىكەنلىكى، قاغانىنىڭ ئون ئىككى تۆمۈر ئىشىكلىك چوڭ شەھىرىدىكى (ئوردۇ بالىق؟) خەلقلەرنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى يازغاندىن كېيىن ھۆكۈمدار سارىيىنىڭ ئەتراپىدا بەش يۈز پەرسەخ يىراقتىكى يەردىن كۆرۈنىدىغان ۋە يۈز كىشى سىغىدىغان چېدىرى بارلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر بار. بۇ مەزمۇنلار يەنە تامىم (Tamim) نىڭ مەلۇماتىدىمۇ ئۇچرايدۇ (مىنورىسكى يۇقىرىقى ماقالە. 290 - بەت) ئىبنى خورداز بىھنىڭ كېيىنكى جۇغراپىيىچىلەر تەرىپىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ سۆزلەرنىڭ 840 - يىلىدىن ئىلگىرىكى زامانلارغا تەۋە ئىكەنلىكى راستتۇر.
ئىبنۇل فاكىھ (ibnal—Fakīh) («مۇختەسەر كىتابۇل - بولدان» م. ج. دې گېئوجې نەشرگە تەييارلىغان. لوگرۇنوم - باتاۋۇرۇم. 1985 - يىلى نەشرى. 329 - بەت.
(Muhtasarkitab al—buldan, nsr. M. J. de Goeje, lugdunum — Batavorum. 1885. s, 329)
ئىبنى خورداز بەزى سۆزلەرنى تەكرارلىغاندىن كېيىن يادا تاشنىڭ توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمدارىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ «تۈركلەرنىڭ ئەرەبى» ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئىستەھرى (īstahri)، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تىبەت، قارلۇق، قىرغىز ۋە جۇڭگو قاتارلىقلار قوشنىسى بولغانلىقى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ يەرلىرىنىمۇ بايان قىلىدۇ:
(«ئەل - مەمالىك ۋەل - مەسالىك» م. ج دې گىئوجى نەشرگە تەييارلىغان. ئىككىنچى باسمىسى. لىيدىن 1920 - يىلى نەشرى. 10 - بەت)
(K. al—Mamalik Vāl—masàlik, nsr. M. J de Goeje ikinci tab Leyden. 1920. s. 10)
مەسئۇدى («مۇرۇۋخ ئەل - زاھاي» باربىر دې مېنارد - پاۋىت دې كورتىيللې نەشرگە تەييارلە

غان. پارىژ نەشرى. 1891 ـ يىلى، I ـ توم 288 ـ بەت، قولىيازما نۇسخىسى 943 ـ بەت.)
(Muruc al—zahab, nsr. Barbier de Meynard—pavet de courteille, Paris. 1891. I, 288. telifi s. 943) توققۇز ئوغۇزلاردىن تېخىمۇ يۈرەكلىك (باتۇر)، كۈچلۈك، دۆلىتى تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىر تۈرك قەۋمىنىڭ يوقلۇقىنى، هۆكۈمدار ـ قاغانلىرىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، باشقا تۈرك قەۋمىنىڭ بۇ مەزھەپكە تەۋە ئەمەسلىكىنى يازىدۇ. مەسئۇدى ئۆز زامانىسىدا شۇنداق ئىكەنلىكىنى سۆزلىسىمۇ، بۇنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، بىراق بۇ دەۋردە، بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى بولغىنىدەك، هۆكۈمدارى خان ئۇنۋانى بىلەن ئەمەس بەلكى سىياسى هۆرمەتكە ئۇيغۇر بولغان ئىدىقۇت ئۇنۋانىنى قوللانغان («جاھس خامىلتۇن: «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» پارىژ نەشرى. 1955 ـ يىلى.
(Hamilton. les ouighour àlepoque des cinq dynasties dàpresles documntes chinois, paris 1955

مەسئۇدىنىڭ بۇ سۆزلىرى پەقەت ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خىھرىستىنىڭ مۇئەللىپى ئىبن ئەل ـ نادىم (Ibn al—Nadim) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خۇراسان ئەمىرىنىڭ سەمەرقەندتە بەش يۈزدەك مانى دىنى راھىبلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەن جۇڭگو هۆكۈمدارى، توققۇز ئوغۇز خاقانى بىلەن بىرلىكتە خۇراسان ئەمىرىگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىدىكى سەمەرقەندلىك مانى دىنى مۇرىتلىرىدىن بولغان ئىككى كىشىنى مۇسۇلمانچە ياساندۇرۇپ ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى سېزىلىپ قالغانلىقتىن يۇرتىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىرىپ، مەسچىتلەرنى خاراب قىلغان (قاھىرە. 1348 ـ يىلىدىكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا. 472 ـ بەت. (Kahire tabì 1348, s,472)

ھىجرىيە 372 ـ يىلى (مىلادىيە 982 ـ يىلى) يېزىلغان «هۇدۇدۇل ئالەم» دە، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەسلىدىنلا كۆپ قەۋملىك قەبىلە ئىكەنلىكى، قەدىمكى زامانلاردا پۈتۈن تۈركىستان هۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. يەنە شۇ ئەسەردە، بەشبالىق ئەتراپىدا ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ بارلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان. (ھەنوچەھرى ـ ستودا نەشرى تېھران. 1340 ـ يىلى، 76 ـ بەت. مىنورسكي (Minorsky) نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى: «هۇدۇدۇل ئالەم» 94 ـ بەت،
(nsr. Menu Gehr—i studa, Tahran, 1340 s. s. 76 V. ding. trc. Minorsky, The Regions of the World. s. 94 V. d)

يەنە «هۇدۇدۇل ئالەم» دە، تاتارلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. تاتارلاردىن، يەنى موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان قەۋملەردىن بىر قىسمىنىڭ (باشتا توققۇز ئوغۇز بولغانلىقى سەۋەبىدىن) ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ هاكىمىيىتى ئاستىدا بولغانلىقى ۋە خاتىرىلەرنىڭ ئۇزۇن زامانلارغىچە قوللانغانلىقىنى بىلىمىز.

گەردىزى (Gardizi) نىڭ تۈرك قەۋملىرىگە ئائىت بولغان مەنبەلىرىنىڭ جايھانى (Cayhani. 921 ـ يىلى هايات ئىدى) ئەسىرىدىن ئېلىنغانلىقى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنماقتا. بۇ ئەسەردە كۆرتىگىنىنىڭ توققۇز ئوغۇزلار تەختىنى قېرىندىشىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانلىقىغا دائىر ھېكايە سۆزلەنگەن بولۇپ، كۆرتىگىن مەشھۇر هۆكۈمداردۇر. پەقەت جوۋەينى ۋە راشىددىن ئەسەرلىرىدە نەقىل ئېلىنغان رىۋايەتلەردە بۇ ئىسىم كۆرۈلىدۇ.
...دە، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ جازا قانۇنى توغرىسىدا بەزى مىساللار كەلتۈ-

مەسئۇدىنىڭ باشقا
رۇلگەن ھەم ئوغۇز قاغانىنىڭ مىڭ مۇھاپىزەتچىسى بارلىقى سۆزلىنىدۇ. بىر ئەسىردە (جاھىزى: «خەلىپىلىك ئوردۇسىنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» رامىزان شەشەننىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ئەنقەرە، 1967 - يىلى. 35 - بەت)
(Cahiz, Hilafet ordusunun menkibeleri ve Turkler' in fazi —latleri, Turk. tvc. Ramazan sesen, Ankara, 1967. s. 35)
توققۇز ئوغۇزلارنىڭ توققۇز قەبىلىدىن تەشكىل قىلىنغانلىقىنى سۆزلىگەندىن كېيىن توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمدارىنىڭ مىڭ ئادەم سايلاپ، بۇلارنى رەت تەرتىپى بويىچە ئۆزىگە يېقىن دوست قىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. شىنە ئۇسسۇ مەڭگۈ تېشىدا كۆرۈلگەن «بىنا - (Bina) » سۆزى (100 نى كۆرسىتىدۇ) «بىنلىك (binlik) » دەپ تەرجىمە قىلىنغان. (ھۈسەيىن ناملىق ئورخۇن، يۇقىرىقى ئەسەر، 164 -، 172 -، 174 - بەت. (H. N orkun ayn. esr. s. 164, 172, 174)

بۇنىڭغا قارىغاندا، گەردىزى مەلۇماتىدىكى «مىڭ چاكار» تەبىرى بىلەن قاغانىنى «مىڭدەك» يېڭى مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ قوغدايدىغانلىقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، يەنە گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە بۇ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق يەيدىغانلىقى ۋە ئۈچ قېتىم شاراب ئىچىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ، بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە كەڭ تارقالغان ھەم ئۇزۇن داۋام قىلغان تۈرك ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مەرۋەزى خاتىرىسىدىكى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن سىر دەريا بويلىرىدىكى ئوغۇزلارغا ئائىت خاتىرىلەر ناھايىتى قالايمىقان. بۇ يەردە گەردىزىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا ئائىت مەنبەلىرىنىڭ بەزىلىرى توغرا بولۇپ چىقتى. («تەبايىئۇل ھەيۋان» مىنورىسكي نەشرگە تەييارلىغان، لوندۇن، 1942 - يىلى. ئەرەبچە تېكىستى. 18 - بەت. ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 520 - بەت. )
(Tabayi al — hayavan. nsr. Minorsky, london. 1942, Arapca metin. S. 18, ing. trc. 529. v. d)

مەرۋەزىمۇ بۇ ھەقتە گەردىزىگە ئوخشاش جايھانىنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل ئالغانلىقى مەلۇم بولماقتا (مىنورىسكي يۇقىرىقى ئەسەر. 6 - بەت). ئەل - بىرۇنىي (al—Biruni) ئەل - تەفھىم (al—Tafhim) (ئەسەر يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 1029 - يىلى) دە ئالتىنچى ئىقلىمدا ياشىغان قەۋملەر ئارىسىدا ئالتە ئوغۇزلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ (ج. ھوماي نەشرى، 1318 - يىلى 200 - بەت (nsr. c. HumaYi, 1318, s, s200)

بۇ ھەقتە ئۇنىڭ قەدىمكى مۇئەللىپلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، شۇ مۇئەللىپنىڭ «ئەل - تەفھىم» دېگەن ئەسىرىدىن بىر يىل كېيىن يېزىلغان «ئەل - قانۇن ئەل - مەسئۇدى» دېگەن ئەسىرىدە، توققۇز ئوغۇز ئورنىنى ئۇيغۇر ئىسمىنىڭ ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر ھەققىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن، نۇرغۇن بىلىملەرنى بەرگەن مەھمۇد قەشقىرىمۇ پەقەت ئۇيغۇر نامىنىلا قوللانغان.

6. توققۇز ئوغۇز - ياغما ۋە قاراخانىيلار.

9- ئەسىرلەردە تۈرك قەۋملىرىدىن بىرى بولغان ياغمىلار دەسلەپتە قەشقەر بىلەن نارش دەرياسى ئەتراپىدا ياشايتتى. بۇ سانى كۆپ تۈرك قەۋملىرىنىڭ بىرى ئىدى. گەردىزى (Gardizi) ؛ توققۇز ئوغۇزلاردىن بولغان ياغمىلارنىڭ قېچىپ قارلۇقلارنىڭ يۇرتىدا يەرلە-

شىپ قالغانلىقىنى ۋە قارلۇقلارنىڭمۇ ئۇلارغا قارشى تۇرغانلىقىنى يازىدۇ (260 ـ بەت)
«ھۇدۇدۇل ئالەم» دە، ياغما ھۆكۈمدارلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇز قاغانىنىڭ ئوغۇللىرىدىن
ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ (مىنورىسكىي نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، 95 ـ بەت). «مۇجمەئۇل
تەۋارىخ» («Mucmal al — tavarīh» تېھران 1318 ـ يىلى نەشرى 421 ـ بەت) دىمۇ
ياغما ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ خاتىرىلەر
بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. جان سانى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن (1700
دىن ئارتۇق ئۆرۈقتىن تەشكىل قىلىنغان. ھۇدۇدۇل ئالەم.) بۇ قەۋمنىڭ ئىسمى تۈرك
مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلمەيدۇ. بۇ سەۋەبلىك ياغمىلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردا
ئۇلارنىڭ نامەلۇم تۈرك قەۋملىرىنىڭ بىرىدىن كېلىپ چىققانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ
قەۋملەرنىڭ تۈرك (كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر) مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلگەن ئوغۇزلار بولماسلىقى
مۇمكىن. توققۇز ئوغۇزلارغا كۆك تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق
قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندۇق. ياغمىلارنىڭ قەشقەر رايونىغا 840 ـ يىلىدا
ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يوقىلىشى تۈپەيلىدىن كەلگەنلىكى ۋە ئۇلار شۇ يەردە قۇدرەت تاپقانلىقى
ئېھتىمالغا يېقىن (ئىبنى خوردازبېھنىڭ تۈركلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتىدا ياغمىلارنىڭ نامى
تىلغا ئېلىنمىغان). ئۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇغراخان ئۇنۋانىنى
قوللانغانلىقىنى ۋە بۇ خانىدانلىقنىڭ قەشقەر شەھرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى،
قاغان مازارلىرىنىڭ بۇ شەھەردە بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادا 840 ـ
يىلىدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىدىن باشقا «قاغان (خاقان)» ئۇنۋانىنى قوللانغان
بىر تۈرك قاغانى يوقتۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ياغمىلار تەرىپىدىن
قۇرۇلغانلىقىدا قىلچىمۇ گۇمان يوق. قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «قاغان» ئۇنۋانىنى
تاشلىمىغانلىقىنى ئىزاھلاش بىرقەدەر قىيىن. بارتولد (Barthold) دەسلەپتە قاراخانىلار
دۆلىتىنىڭ ياغمىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن بولسىمۇ («يەتتە سۇ تارىخىنىڭ
ئوچېركلىرى» History of semirechye [ing . Trc. V. T. Minorsky]Leiden, 1956, S
93) كېيىن بۇ پىكرىدىن ۋاز كېچىپ بۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ قارلۇقلار ئىكەنلىكىنى
ئىلگىرى سۈردى. («ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە دەرسلەر» ئىستانبۇل 1928 ـ يىلى،
66 ـ بەت v. «Orta Asya Turk Tarihi hakkinda dersler» istanbul> 1928, s. 66.
dd) لېكىن، قارلۇقلارنىڭ قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇرۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى
ئازدۇر. چۈنكى، قارلۇقلار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، 766 ـ يىلىدا تۈركەش دۆلىتىنى
يوقاتقاندىن كېيىن كۈچلۈك بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ تەشكىللىنەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن،
سامانىلارنىڭ بالاساغۇننى ئىگىلىشىگە يول قويۇپ ئۇلارنىڭ تالاس ئەتراپىنى فەتھ قىلىشىنى
توسۇيالمىدى ھەم تېزلا پارچىلىنىپ كەتتى. ھۆكۈمدارلىرىمۇ ئوغۇزلارغا ئوخشاش يابغۇ
ئۇنۋانىنى قوللاندى ھەتتا قاراخانىلار دەۋرىدە، يەنى 9 ـ ئەسىردە قارلۇق باش بۇغلىرىدىن
بىرىنىڭ يابغۇ ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى بىلىمىز. ئىسلام مۇئەللىپلىرى قارلۇقلارنى قاۋۇل،
ئېگىز بوي، مېھرىبان، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ۋە تەربىيە ئالغان خەلقلەر ئىكەنلىكى،
بىراق جەڭگىۋارلىق روھىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىسلام مۇئەللىپلىرى مىسىردا دۆلەت قۇرغان تولۇن ئوغلى (Tolun. oglu) ئەھمەدنىڭ
دادىسىنىڭ توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ ئىسلام مەملىكىتىدە تۇغۇلۇپ ئىلىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەمسىل قىلغانلىقى، شۇنداقلا ئىشەنچلىك مەنبەلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئىنىلىرىنىڭ تۈركچە شېئىر ئوقۇغانلىقىنى خاتىرىلىگەن.

سۇلتان مەلىكشاھ دەۋرىدە خەلىپىلىك دىۋانىنى ھازىرلىغان بىر ۋەكىلى. سەلجۇقىلارنىڭ ئىسمىنى قوللانغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاببابسىيلار ئائىلىسىنىڭ ئەڭ سادىق قەۋملىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ (ئەلى سەۋىم: «سۇلتان مەلىكشاھ دەۋرىدە ئاخسا ۋە بەھرەيىن ئىتتىپاقچىلىرىغا قارشى سەلجۇقىلار سەپىرى» بىللەتېن 94 ـ سان 220 ـ بەت.)

(Ali sevim:sultan Meliksah devrinde Ahsave Bahreyn karmatilerine karsi «selcuklu seferi», Belleten, sayi 94. s,220)

7. يەر ئىسىملىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار

10 ـ ئەسىردە سۇلتان ئالدى بايرىقىدىكى قاراجا شەھەر (karaca Sehir) ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزا توققۇز ئوغۇز ئىسمىنى قوللانغاندى (ف. سۇمەر: «ئوغۇزلار» 203 ـ بەت. 203 .(F. sumer; «oguzlar»). بىراق، بۇ ئىسىمنىڭ توققۇز ئوغۇزلار بىلەن زادى مۇناسىۋىتى بارمۇ، يوق؟ بۇ خۇسۇسىدا ئەلۋەتتە كېسىپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

خۇلاسە: 1. مەڭگۈ تاشلارنى يىغىش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش شۇنى كۆرسەتتىكى، تۈرك ئىسمى سىياسىي مەنىدە ئەمەس پەقەت بىر كوللېكتىپنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن قەۋم نامىدا قوللىنىلغان. توققۇز ئوغۇزلار ۋە ئۇيغۇرلار كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ قەۋمى بولغانلىقى ئۈچۈن «تۈرك قەۋم» (turk budun) دېگەن (ھۈسەيىن ناھىق ئورقۇن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەر، I توم 102، 166، 176، 182 ـ بەتلەر) كىتابلاردا ئۈچۈق تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ⑨، بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە تۈرك نامىنىڭ مەڭگۈ تاشلاردا يەنىلا سىياسىي مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆچىنىڭ بارىچە ئىلگىرى سۈرۈشى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

2. توققۇز ئوغۇزلار، تۈرك ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىدىن سىياسىي ھەم قەۋم جەھەتتىن تامامەن مۇستەقىل بىر قەۋم بولۇپ، ئىككىنچى كۆك تۈرك دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ خوجىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن كۆك تۈركلەر بۇ دۆلەتنى يوقىتىپ ئوغۇزلارنى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان.

3. ئون قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو مەنبەلىرىدە توققۇز قەبىلىسى، راشىدىنىڭ ئەسىرىدە ھەممىسى تىلغا ئېلىنغان. توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ ۋە ياكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىپ ئۇلارغا تەۋە بولغان ھەم كۆك تۈركلەر دۆلىتىنىڭ يوقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار قانداقتۇر كۆك تۈركلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ھەتتا بۇ ھەرىكەتتە ئۇلارغا، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى قاغان يابغۇ ئۇنۋانىنى بەرگەن تاي بىلگە تۇتۇق رەھبەر بولغان (ھۈسەيىن ناسىق ئورقۇن. يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئەسەر. I توم 164، 166 ـ بەت).

4. ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى توققۇز ئوغۇزلار دېگەنلىكىگە كەلسەك، بۇ ئۇيغۇر ئىسمىنىڭ ئوغۇز (ئوغۇز، گۇزز) غا ئوخشاپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بىز بۇ ھەقتە، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە كۆك تۈرك دۆلىتىگە زەربە بەرگەنلىكى ۋە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىككى تايانچ كۈچىد-

نىڭ بىرىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى بىلىمىز.

5. قاراخانىلار دۆلىتى توققۇز ئوغۇزلارغا مەنسۇپ بولغان ياغمىلار تەرىپىدىن قۇرۇل-
غان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خاقانىيە تۈركچىسى دېگىنى دەل ياغما شېۋىسىنىڭ ئۆزىدۇر.
ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا ئائىت بەرگەن خەۋەرلىرىنى خۇلاسە قىلغاندا،
«خاقان» ئۇنۋانىنى يالغۇز ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارىلا قوللانغان. توققۇز ئوغۇزلار مانى دىنىنى
قوبۇل قىلغان. بۇ شۈبھىسىزكى، پەقەت ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بۇ دىندا
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قاغاننىڭ ئالتۇندىن ياسالغان 100 كىشىلىك بىر چېدىرى بار
ئىدى. بۇ بايانىڭ توغرا ئىكەنلىكى ۋە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ بۇ ئالتۇن چېدىرلىرىنىڭ بەك
مەشھۇر ئىكەنلىكى جۇڭگو مەنبەلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىپ تۇرماقتا.

(ۋ. مىنورىسكىي: «تەمىن ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ساياھىتى» 295 ـ بەت)
(Minorsky; Tamin b. Bahrs journeg to the uyghurs s. 295)

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قەۋمى بولغان ياغمىلارنىڭ «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى قوللانغان ھۆ-
كۈمدارلىرىمۇ توققۇز ئوغۇز خانىدانىدىن (خان ئۇرۇقىدىن) ئىدى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


V. Thomsen. inscriptions del orkhon (Helsingfors, 1896) S. 105, 112, 115,122, 124, V. d. 12);ayn. mll. Mogulistandaki Turkce kitabler[TM) (Turk. trc. Rahib Hulusi), 111, 81—118.

ۋ. تومسېن: «ئورقۇن بويلىرىدىكى مەڭگۈ تاشلار» خېلسىڭفور نەشرى. 1896 ـ يىلى.
105 ـ، 112 ـ، 115 ـ، 122 ـ، 124 ـ ۋە 127 ـ بەتلەر.

«موغۇلىستاندىكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلار» (راھىب ھۇلۇسىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى،
III توم. 118 ـ، 81 ـ بەت)

H. N. orkun: 《Eski Turk Yazitlari》[T. D. K](istanbul. 1936) I 22. 34 v. d. 40. 48. 50. 62—67 85, 102 — 105, 108, 120,v. d 176, 182;

ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن: «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى» [تۈرك دۆلەت نەشرىياتى]
ئىستانبۇل. 1936 ـ يىلى، I. توم 22 ـ، 34 ـ، 40 ـ، 48 ـ، 50 ـ، 67 ـ
62 ـ؛ 85 ـ، 105 ـ 102 ـ، 108 ـ، 120 ـ، ۋە 172 ـ، 176 ـ، 182 ـ بەتلەر؛

E. Chavannes: 《Documents sur les Tou — kive (Turk) occidentaux (Petersburg. 1903) s. 286, 297 305》

ئېدۋارد چاۋاننېس: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (پېتېربورگ. 1903 ـ
يىلى) 286 ـ، 297 ـ، 305 ـ بەتلەر؛

yàkubi, Tarih (nsr. M. Th. Houtsma). 1883. II, 586.

ياقۇب: «تارىخ» (م. چ. ھۇتسما نەشرگە تەييارلىغان) 1883 ـ يىلى 2 ـ توم. 586 ـ
بەت؛

(Tabari: 《Tarih al—Muluk val—rusul》 (nsr. M. J. de. GoeJe) Leyden, 1881. s. 1044.)

ئەل تەبەرى: «پادىشاھ ۋە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار تارىخى» (م. ج. دې گىئوجى نەشرگە
تەييارلىغان) لېيدېن. 1881 ـ يىلى. 1044 ـ بەت؛

al—Hvarizmi; 《kitab surat al—arz》(nsr. H. von. Mzik)BAHG, Leipzig, 1926, s. 105

www.uyghurkitap.com

ئەل خارەزمى: «كىتابى سۇرەتۇل ئارز» (ھ. ۋۇن. مزىك نەشرگە تەييارلىغان) لېيپزىگ، 1926 ـ يىلى 105 ـ بەت.
ibn Hordàzbeh: 《kitab al—Masalik val mamalik》(nsr. M. J. de. Goeje) Lugdunum — Batavorum BAG, S. 16, v. d 30
ئىبن خوردازبېھ: «كىتابۇل مەسالىك ۋەل مەمالىك» (م. ج. دې گىئوجى نەشرگە تەييارلىغان) «ئەرەب جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى» 16 ـ، 30 ـ بەت.
kudama. b. Cafar: 《kitab al—Harac》 s. 155, 209, 262;
كۇداما بىننى جەفەر: «كىتابۇل ھەراج» 155 ـ، 209 ـ، 262 ـ بەت.
ibn al—Fakih: 《Muhtasar kitab. al—buldan, (nsr M. J. de. GoeJe)Lugdunum—Batavorum. BGA 1885, s. 328. 1885, v. d;》
ئىنبۇل فاكىھ: «مۇختەسەر كىتابۇل بۇلدان» (م. ج. دې. گىئوجى) لوگدۇنوم ـ باتاۋورۇم؛ دې گىئوجى «ئەرەب جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى» 1885 ـ يىلى، 328 ـ بەت. لىيرىن نەشرى.
isthri: 《Masalik al—mamalik》(nsr, m. J. de Goeje) BGA leyden. 1885. S . 9
ئىستەھرى: «مەسالىكەل مەمالىك» يۇقىرىقى ئاپتور نەشرگە تەييارلىغان ھەم شۇ ئەسەر، 9 ـ بەت.
Masudī: 《Murac al—zahab》(nsr. ve Frans. trc. Barbier de Meynard—paret de Courteille)Paris, 1891, I . 288, 305
مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق» (نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋە فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: باربىردې مىنارد ـ پاۋىت دې كۇئورتېللى) پارىژ. 1891 ـ يىلى I توم 288 ـ، 305 ـ بەت.
al—Nadim: 《Fihrist》 (kahire, 1348)s. 472, 492, v. d
ئەل نادىم: «فىھرىست» (قاھىرە، 1348 ـ يىلى) 472 ـ، 492 ـ بەت.
《Hududal—alam》(nsr. M. sutuda) Tahran 1340, s 76 — 79; ing. trc. v. minor sky. 《The Regions Of the World》 GMNS (london, 1937.) s. 94
«ھۇدۇدۇل ئالەم» (م. سۇتۇدا نەشرگە تەييارلىغان) تېھران ھىجرىيە 1340 ـ يىلى 79 ـ، 76 ـ بەت. ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچى. ۋ. مىنورسكىي «دۇنيانىڭ پاسىللىرى» (لوندۇن. 1937 ـ يىلى) 94 ـ بەت.
al—Biruni: 《kitab al—tafhim》 (nsr. C. Humayi)Tahran, 1318. S; S. 200
ئەل بىرۇنى: «كىتابۇل ـ تەفھىم» (ج. ھۇماي نەشرگە تەييارلىغان. 1318 ـ يىلى 200 ـ بەت.
(al—Biruni: 《al—kanun al—Masudi》(Haydarabad) 1374. II , 574, 579;
ئەل بىرۇنى: «ئەل ـ قانۇن ئەل ـ مەسئۇدى» ھەيدەرئاباد 1374 ـ يىلى نەشرى. II توم 574 ـ، 579 ـ بەت؛
Gardizi: 《zayn al—ahbar》(nsr. A. Habibi) Tahran. 1347, s. 260, 266. v. d
گەردىزى: «زەينۇل ئەخبار» (ئا. ھەبىبى نەشرگە تەييارلىغان) تېھران 1347 ـ يىلى. 260 ـ، 266 ـ بەت؛
Mahmud kasgari: 《kitab divan lugat alTurk》(nsr. k. Rifat)istabul. 1335—1335; I 28, 30, 33, 59, 85, 93, 128, 342. II , 25. v. d 102; Turk. trc. B. Atalay

[TDK],istanbul; 1939 — 1941; 1,4,19,28,30,32,61,92,101,108,142,144, 408, III , 3,34,72,139,224,149,252

مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (كلىسلىي رىفئەت بىلگە نەشرگە تەييارلى-غان) ئىستانبۇل. 1333 - 1335 - يىلى. I توم 28 -، 30 -، 33 -، 59 -، 85 - 93 -، 128 -، 342 -، III توم 25 -، 102 - بەت. بەسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمىسى [تۈرك دۆلەت نەشرىياتى] ئىستانبۇل 1939 - 1941 - يىللىرى. I توم 4 -، 19 -، 28 -، 30 -، 31 -، 6 -، 92 -، 101 -، 108 -، 142 -، 144 -، 408 -، III توم 3 -، 34 -، 72 -، 139 -، 224 -، 249 -، 252 - بەتلەر؛

Marvazi: 《Tabayi al—hayavan 》 (nsr, veing. tvc. v. Minorsky) London 1942 S. 17 v. d 29

مەرۋەزى: «تەبايىئۇل - ھەيۋان» نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچى: ۋ. مىنورسكىي) لوندۇن 1942 - يىلى 17 -، 29 - بەت؛

《Mucmal al—Tavarih Val—kisas》 (Tahran, 1318. S) S. 421;

«مەجمەئۇل تەۋارىخ ۋەل - قىسەس» تېھران 1318 - يىلى 421 - بەت.

idrisi: 《Nuzhat al—mustak》 (Frans, trc. A. Jaubert) Paris. 1840. I , 401

ئىدرىسى: «مۇزھاتۇل مۇشتاق» (ئا. جائوبېرتنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى) پارىژ 1840 - يىلى. I توم. 401 - بەت؛

yakut: 《Mucam al—buldan》 (nsr. F. Wustenfeld) leipzig, 1867—1868 I ,24 v. d

ياقۇتى: «مۇجامئەل بولدان» (ف. ۋوستېنفېلد نەشرگە تەييارلىغان) لېيپزىگ 1867 - 1868 - يىلى I توم 24 - بەت؛

F. Mubaraksah Marvarrudi: 《Tarih》 (nsr. E. Denison Ross) london 1927, s, 39, 44 v. d. 47.

ف. مۇبارەك شاھ مەرۋەررىدى: «ئې. دېنسون روسس نەشرگە تەييارلىغان» لوندون. 1927 - يىلى 39 -، 44 -، 47 - بەت؛

Zakariya al—kazvini; 《Asar al—bilad》 (Beyrut. 1380) s. 575,582;

زىكرىيا ئەل - قوزۋىنى: «ئاسارەل بىلاد» (بېيرۇت 1380 - يىلى نەشرى) 575 -، 582 - بەت؛

Rasid al—Din: 《Cami al—tavarih》 (Moskova 1965) S 331 — 338

راشىددىن: «جامىئۇل تەۋارىخ» (موسكۋا، 1965 - يىلى) 331 - 338 - بەت؛

**تەتقىقاتلار:**

W. Bartold: 《Turkestan dovn to the Mongol invasion》, GMS, 1928, S. 200 V. dd, 211, 254, ayn, mll, 《orta Asya Turk tarihi hakkinda》 dersler (turk. trc) istanbul, 1927, S. 66, 76, 78. ayn. mll 《Four studies on central Asia Historyof the semirechye》 (ing, trc. V. Minorcky) leiden, 1956, I , 93;

ۋ. بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» 1928 - يىلى، 200 -، 211 -، 254 - بەت؛

مەزكۇر مۇئەللىپ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە دەرسلەر» (تۈركچە تەرجىمىسى) ئىستانبۇل، 1927 - يىلى 66 -، 76 -، 78 - بەت؛

مەزكۇر مۇئەللىپ: «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» (ۋ. مىنورسكىينىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى) لېيدىن، 1956 - يىلى I . 93 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com


J. Hamilton: 《Les ouighours alepoque des cinq Dynasties dapres les documents chinois》(Paris. 1955) ayn. mll, 《Toquz—oguzt et on—uygur》JA(paris, 1962)sayi250, S 23 —63;

جامىس خامىلتون: «بەش دەۋردىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلار» پارىژ، 1955 ـ يىلى.

مەزكۇر مۇئەللىپ: «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار»، «ئاسىيا ژۇرنىلى» (پارىژ، 1962 ـ يىلى) 250 ـ سان 63 ـ، 23 ـ بەتلەر؛

M. Fuad koprulu:《Osmanli imparatorlugunun etnik mensei meseleri》 Belleten (Ankara, 1943) V11, 221, 223, 254, 256;

مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «ئوسمان ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ مەسىلىلىرى» بەللەتەن (ئەنقەرەدە. 1943) 7. سان، 221 ـ، 223 ـ، 254 ـ، 256 ـ بەتلەر)

J. Marquart: 《osteuropaische und ostasiatische Streifzuge》 (leipzig 1903) s, 81,390 ayn mll. 《uber das vdkstun der komanen》 (Berlin, 1914)S. 35 v. dd, s,201

ج. ماركۋارت: «شەرقىي ياۋروپا، شەرقىي ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» 81 ـ، 390 ـ بەتلەر.

مەزكۇر مۇئەللىپ: «كومانلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى» (بېرلىن. 1914) 201 ـ بەت).

V. Minorsky:《The Regions of the World》 GMNS london. 1937, S. 282; ayn, mll, sharaf al—zaman Tahir Marvai: 《on china, The Turks and india》 (london, 1942), S 14, 27, 29, 67, V. d. 71, 71, 74, 96;

ۋ. مىنورىسكىي: «ھۇدۇدۇل ئالەم» لوندون، 1937 ـ يىلى، 26 ـ، 282 ـ بەت (ئىنگلىزچە تەرجىمىسى)

مەزكۇر مۇئەللىپ نەشرگە تەييارلىغان: شەرەف ئەل زامان تاھىر مەرۋەزى: «جۇڭگو، تۈركلەر ۋە ھىندىستان توغرىسىدا» لوندون. 1942 ـ يىلى 14 ـ، 17 ـ، 29 ـ، 67 ـ، 72 ـ، 74 ـ، 96 ـ بەتلەر؛

E. G. Pulleyblank: 《some remarks on the Toquz oguz Problem》 ural—AlTaische Jahr—bucher, 1965, XXVⅢ ,S,35—42,F. Sumer: 《oguzlar》,DTCFY (Ankara. 1972)ikinci tabis 1—25

فەرۇق سۈمەر: «ئوغۇزلار» ئەنقەرە. 1972 ـ يىلى ئىككىنچى باسمىسى. 1~25 ـ بەت؛

Z. V. Togan: 《umumi tvrk tarihine giris》(istanbul 1946) s. 43,49,55, 408. aynimll:《ibn al—Fakihin Turklere ait haberleri》 Belleten, XⅡ , 11—16;

زەكى ۋەلىدتوغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» (ئىستانبۇل 1946 ـ يىلى) 43 ـ، 49 ـ، 55 ـ، 408 ـ بەتلەر؛

Romazan sesen: 《Eski Arablara gore Turkler》 Turkiyat Mecmuasi (istanbul, 1968), XV,11—36;

رامازان شەشەن: «قەدىمكى ئەرەب مەنبەلىرىدە كۆرۈلگەن تۈركلەر»، تۈركشۇناسلىق ژۇرنىلى (ئىستانبۇل، 1968 ـ يىلى) 15 ـ سان 36 ـ، 11 ـ بەتلەر.

# نوبېلنىڭ تۈركىسى ۋە سۋېن ھېدىن

## سۋېن ھېدىننىڭ ئاسىيا كىندىكىگە قىلغان سەپىرى

ئەركىن شېرىپ

فرانسىيىلىك جۇغراپىيەشۇناس دۇترېي دې رېينس باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1890 - يىلى شىنجاڭ ۋە تىبەتتە تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن. لېكىن، 1893 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇلار چەرچەندىن قوزغىلىپ ئالتۇنتاغقا بارغاندىن كېيىن، ئىز - دېرىكى بولمىغان. بۇ خەۋەر فەشقەرگە تارقىلىپ كېيىن، قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەر ئادەم تەشكىللەپ دۇترېيلارنى ئىزدەش ياكى ئۇلارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى ھەرخىل چارىلەر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا، پارس ۋە رۇسىيە تەۋەسىدىكى تۈركىستاننى تەكشۈرۈپ ئاز - تولا نامى چىققان يىگىت دەل قەشقەرگە كەلگەنىدى. دەسلەپتە ئۇ دۇترېي تەكشۈرۈش ئەترىتى توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، شىنجاڭدا قېلىپ كۆكنۇر - تىبەت ئېگىزلىكىدە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئىزدەش ئىشلىرىغا ئارىلىشىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ بولسىمۇ 29 ياشلىق شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ئىدى.

سۋېن ھېدىن ( Sven Anders Hedin ) 1865 - يىلى شۋېتسىيىنىڭ پايتەختى ستوكھولمدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شۇ جايدا ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1886 - يىلى ئۇپسالا ( Upsala ) ئۇنىۋېرسىتېتى، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن ( Berlin ) ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمدە ستوكھولم ( Stockholm Hogsola ) ئالىي مەكتەپلىرىدە جۇغراپىيە ۋە گېئولوگىيە كەسىپلىرىنى ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا، بولۇپمۇ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بارون ف . فون رىختخوفېن ( von Richthofen ) ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. چۈنكى، رىختخوفېن سەيياھ بولغاچقا، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە كەلگەن ھەمدە تەيۋەنگە ( 1895 - يىلى) بارغان، جۇڭگونى كېزىپ نۇرغۇن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، «جۇڭگو» شۇ خاتىرىلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان ئۈچ توملۇق چوڭ ئەسەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رىختخوفېن شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى قاتارلىق ساھەلەرنىمۇ كۆپ تەتقىق قىلغان، جۈملىدىن ھازىر بىز قوللىنىۋاتقان « يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇنى ئاشۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

بولۇپمۇ 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى بىر مەھەل ئەۋج ئالغان ئاتالمىش « دۇنيا جۇغراپىيىسىدىكى چوڭ بايقاشلار» نىڭ قىزغىن دولقۇنى، فرانسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ژۇل ۋېرن ( Jules Verne ) نىڭ رومانلىرى ( بولۇپمۇ « دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ

uyghurkitap.com

چاقىرىملىق يول» ، « كاپىتان گرانتىنىڭ پەرزەنتلىرى» ، « سىرلىق ئارال» ئۈچ تىرلوگىيە) ، ئامېرىكىلىق مۇخبىر م. ستانلېي ( Morton Stanley ) نىڭ « قارا ئافرىقىنى كېزىش خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ سۈيىن ھېدىننىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ تەسىرىدە سۈيىن ھېدىن سىرلىق دۇنياغا تەلپۈنۈپ، ئاشۇلارغا ئوخشاش جاھان كېزىش نىيىتىگە كەلگەن.

1885 - يىلى يازدا رۇسىيىدە ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ نېفىتلىكى — باكۇنى ئېچىۋاتقان ئا. ب. نوبېل ( A. B. Nobel ) ياللىغان نېفىت باش ئىنژېنېرى ئۆزى بىلەن ياقا يۇرتتا ياشاۋاتقان ئوغلىنىڭ دەرسلىرىگە يېرىم يىل يېتەكچىلىك قىلىپ بېرىدىغان ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىغا ھاجىتى چۈشۈپ قالغان. ئويلىمىغان يەردىن بۇ تاسادىپىي پۇرسەتكە ئېرىشكەن، ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 19 ياشلىق سۈيىن ھېدىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن باكۇغا بارىدۇ. ئۇ باكۇدىكى يەتتە ئاي جەريانىدا بالىغا تارىخ، جۇغراپىيە، شىۋە ۋە باشقا پەنلەرنى ئوقۇتقاندىن سىرت، ئۆزىمۇ تاتار ۋە پارس تىللىرىنى راۋان ئۆگىنىۋالىدۇ. ئېرىشكەن 300 رۇبلىلىق ئىش ھەققىگە پارس ۋە ئوتتۇرا شەرقلەرگە بېرىپ، تۇنجى تەكشۈرۈش سەپىرىنى باشلايدۇ. دادىسى ئادەتتىكى زىيالىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئۆمۈر بويى چۈشىنىپ قوللايدۇ.

1890 - يىلى 4 - ئايدا شۋېتسىيە پادىشاھلىقى دىپلوماتىيە ئەلچىلىرى ئۆمىكىنىڭ تەرجىمانلىقىنى قىلىدىغان سۈيىن ھېدىن ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيانى كېزىش سەپىرىنى باشلىغان. ئۇ تېھراندىن ئۇدۇل شەرققە قاراپ مېڭىپ رۇسىيىگە كىرگەندىن كېيىن، يەنە رۇسىيە تەۋەسىدىكى تۈركىستانغا بارغان. 1890 - يىلى 12 - ئايدا ئۇ رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئوش ( ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرى) ئارقىلىق 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭدىكى مەشھۇر شەھەر قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ بۇ يەرگە ئىز - دېرىكى بولمىغان دۇترېي تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خەۋىرىنى ئالغىلى كەلگەنىدى. ئۇ قەشقەردە قىسقىغىنە ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر ئۇنىڭدا ئۆمۈرلۈك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئۇ رۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىي ( Petrovsky ) ۋە ئەنگلىيە كونسۇلى ك. ماكارتنېي، يەنە ئەنگلىيەلىك ئوفىتسېر، تەكشۈرگۈچى ياڭخۇسباند ( Younghusband ) لار بىلەن تونۇشىدۇ. 1891 - يىلى 1 - ئايدا سۈيىن ھېدىن قەشقەردىن كېلەر يولى بىلەن مېڭىپ، ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي بويىدا مەركىزىي ئاسىيانى كېزىش ئاساسىنى سالغان پرژېۋالسكىينىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ شۋېتسىيەگە قايتىپ كەتكەن. ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، « ئاسىيانى كېزىش» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان.

1893 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شۋېتسىيە پادىشاھىنىڭ قوللىشى ۋە نوبېلنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن سۈيىن ھېدىن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، تارىم رايونىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ تەكشۈرگەن ئومۇمىي مۇساپىسى 10 مىڭ 498 كىلومېتىر، ۋاقتى ئۈچ يىل يەتتە ئاي ئىدى. 1894 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ ئاۋۋال

« دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» — پامىر ئېگىزلىكىنى بىر يىلدىن كۆپرەك تەكشۈرگەندىن كېيىن، « مۇزتاغ ئاتىسى» — مۇزتاغقا بىر نەچچە قېتىم چىقىشنى نىيەت قىلغان، لېكىن نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بۇ يەردە تۇرۇش جەريانىدا ئۇيلىمىغان يەردىن يوقاپ كەتكىلى بىر يىل بولغان دۇترېيىنىڭ ياردەمچىسى گرېنارد( Grenard ) گۇر ئاغزىدىن قايتىپ، دۇترېي ۋە ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەقدىرىدىن دېرەك بەرگەن. ئۇلارنىڭ خەۋىرى بولغاندىن كېيىن سۋېن ھېدىن شىنجاڭدا تۇرۇش نىيىتىدىن يانماي، 1895 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 30 ياشقا كىرىشتىن ئىككى كۈن ئاۋۋال قەشقەردىن ئاتلىنىپ، تارىم قۇملۇقىنى تەكشۈرگەن. قۇملۇقتا تەكشۈرۈش جەريانىدا خوتەن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا تەكلىماكاندىكى قەدىمىي شەھەر — دەندان ئۆيلۈك ۋە قارا دۆڭنى بايقىغان. توققۇز بېشىغا بېرىپ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى بولمىغان « ئىپتىدائىي قەبىلىلەر» نى زىيارەت قىلغان، تەكلىماكاننى جەنۇبتىن شىمالغا تۇنجى قېتىم كېسىپ ئۆتۈپ، لوپنۇرغا كېلىپ، ئۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بەلگىلەش جەريانىدا « ئاخىرقى كروران خانى» كۆنچىقان بەگ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش تارىخىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار بولۇپ قالغان.

سۋېن ھېدىن 1899 - يىلىدىن 1902 - يىلىغىچە ئۈچىنچى قېتىم شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ يېڭى پەن ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشۋاتقان نوبېل خىمىيە سانائىتى تەجرىبىخانىسىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، سۋېن ھېدىننى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، 1900 - يىلى يېتەرلىك خىراجەت، ئىلغار تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ۋە ئون ئىككى كىشىلىك كارۋان بىلەن شىنجاڭغا ئاتلاندۇرغان. ئۇلار ئاۋۋال تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ تاغ - ئېدىر، دەريا - ئېقىن، كۆل - سازلىقلىرىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارتقان فوتو رەسىملىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. لوپنۇرنى ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدا ئويلىمىغان يەردىن ئون نەچچە ئەسىر كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمكى كروران دۆلىتىنىڭ پايتەختى كروراننى بايقىغان، ئۇنىڭ بايقىلىشى پۈتكۈل شىنجاڭنى تەكشۈرۈش تارىخىدىكى مۇھىم ئىش ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلگەن ئەنگلىيە تەۋەسىدىكى ۋېنگرىيىلىك ئارخېئولوگ سىر ئاۋرېل ستەين دەندان ئۆيلۈك، قارا دۆڭلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، سۋېن ھېدىن سىزغان خەرىتىنى تۇتقىنىچە كروران قەدىمىي شەھىرىگە كىرگەن.

ئىككىنچى يىلى سۋېن ھېدىن ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ شۋېتسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان نوبېلنى يوقلىغىلى بېرىپ، ئۇنىڭغا « ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى» نى تاپشۇرغان. ئاخىر شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنى كۆرۈ...ب، كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان. بۇ تەكشۈرۈش ماتېرى-

www.uyghurkitap.com



يالى ئۇنىڭ خىمىيە سانائىتى تەجرىبىخانىسى ئۈچۈن بەكمۇ پايدىلىق ئىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى نوبېل ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا تەكشۈرۈش ئەترىتىگە داۋاملىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. نوبېل فوند جەمئىيىتىمۇ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، سۋېن ھېدىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇ كېيىنكى 20 يىل جەريانىدىكى 5 ـ 6 قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، سەككىز توملۇق « 1899 ـ 1902 ـ يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى» ناملىق چوڭ ئەسەرنى ئېلان قىلغان، جۈملىدىن بۇ ئەسەرنىڭ «تارىم» ، «لوپنۇر» قاتارلىق قىسمىنىڭ ماتېرىياللىرى ناھايىتى مول، قىممەتلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «مەركىزىي ئاسىياغا قايتىش» ، «مېنىڭ تەكشۈرۈش ھاياتىم» ، «چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىش» (خەنزۇچە نامى «سەپەر خاتىرىسى» ) ، «خان شەھىرى رېخې» ، « يىپەك يولى» ، «ئاتلىق قاچقۇن» (خەنزۇچە نەشرىنىڭ نامى «ما جۇڭيىڭنىڭ قېچىشى» ، ئۇيغۇرچە نەشرى نامى« قاچقۇن ما جۇڭيىڭ» ) ، « كۆچمە كۆل» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان.

1906 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىللىرىغىچە سۋېن ھېدىن يەنە تىبەتنى تەكشۈرۈش نىشانى قىلىپ، تىبەت ئېگىزلىكىدە تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، دالا ـ تۈزلەردە يېتىپ، تىبەتنىڭ غەربىي جەنۇبىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ گاندىس تاغ تىزمىسىنى ئۆلچەپ سىزغان خەرىتىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ نەچچە يىل تەكشۈرۈش جەريانىدا قاقاس چياڭتاڭ ۋە ئالى رايونلىرىنى كېزىپ، « ئېففىلس چوققىسى» (يەنى «جومولاڭما چوققىسى» ) ، « گاندىس چوققىسى» ، « ھىمالايادىن ئۆتۈش» قاتارلىق ئاممىباب ئەسەرلەرنى پۈتتۈرگەندىن سىرت، يەنە « ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تىبەت» ، ئون توملۇق « 1906 ـ 1908 ـ يىللىرىدىكى تىبەتنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى» قاتارلىق

1926 ـ يىلى قىشتا سۋېن ھېدىن گېرمانىيە خانس ھاۋا يولى شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ياۋروپا ـ ئاسىيا ( شاڭخەي ـ بېرلىن) ھاۋا يولىنى ئېچىش ئۈچۈن، شۋېتسىيەلىك، گېرمانىيىلىك ۋە دانىيىلىكلەردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنىدى. ئالتە ئايلىق سۆھبەت ئارقىلىق سۋېن ھېدىن بېيجىڭدىكى جۇڭگو ئىلمىي تەشكىلات جەمئىيىتى بىلەن تەكشۈرۈش ئىشلىرى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان. كېلىشىمدە بۇ قېتىمقى جۇڭگو ـ شۋېتسىيە ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپقان جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى قۇرۇلىدۇ؛ بەش نەپەر جۇڭگولۇق ئالىم، تۆت نەپەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى ( كېيىن يەنە نەچچە جۇڭگولۇق ئالىم قوشۇلغان) ئۆمەككە قاتنىشىدۇ؛ سۋېن ھېدىن بىلەن شۇ چاغدىكى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، ئاتاقلىق ئالىم شۇ بىڭچاڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جۇڭگو ـ شۋېتسىيە باشلىقى بولىدۇ؛ تېپىلغان، كولانغان بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، كان ئەۋرىشكىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا تەۋە بولـ-

دۇ، دەپ بېكىتىلگەن. مارافونچە سوزۇلغان سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 1926 -
يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سۋېن ھېدىن بىلەن شۇ بېڭچاڭ چوڭ كۆلەملىك زامانىۋى
ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ بېيجىڭدىن غەربىي شىمالغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار
غەربىي شىمالغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى باشلىغان. دېمەك، 1927 -
يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە سۋېن ھېدىن جۇڭگو - شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش
ئەترىتىگە باشتىن - ئاخىر يېتەكچىلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر
( 1933 - 1935 - يىللىرىدىكى جۇڭگو غەربىي شىمال تاشيولىنى سىزىپ ئۆلچەش
پائالىيىتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نى ياراتقاندىن سىرت، « جۇڭگو - شۋېتسىيە ئىلمىي
تەكشۈرۈش مەلۇماتى» نىڭ توپلاش، بېكىتىش، نەشر قىلىش ئىشلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن
يېتەكچىلىك قىلغان. بىراق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تۇپەيلىدىن، سۋېن ھېدىن
70 يېشىدا شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ماكاندىن قىيماي ۋەتىنىگە قايتقان. ئۇ ۋەتىنىگە
قايتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، «ئاسىيا كىندى-
كىندىكى سەككىز يىللىق تەكشۈرۈش» ( ئەسلىي نامى « ئاسىيا كىندىكىگە سەپەر» ، تولۇق
نامى « دوكتور سۋېن ھېدىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش
ئۆمىكىنىڭ مەلۇماتلار توپلىمى — جۇڭگو - شۋېتسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئۆمىكى» )
( ئۈچ توم) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان.

ئۇ 1952 - يىلى 87 يېشىدا ستوكھولمدىكى داچىسىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆمۈر بويى
توي قىلمىغان، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى دېگۈدەك تەكشۈرۈش، بولۇپمۇ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش
ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھاياتىنى شۋېتسىيىلىك ئالىم پېتېر تېنبېرىنىڭ تۆۋەندىكى
سۆزى بىلەن خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

« سۋېن ھېدىن 1952 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 88 ياش ئەتراپىدا ۋاپات
بولغاندا، كىشىلەر ئادەتتىن تاشقىرى كىشىلىك ھاياتىدىكى نەتىجىلەرنى، يەنى چۈشەنگىلى
بولمايدىغان خىزمەت ئىقتىدارى، بىردىنبىر كۈرەش قىلىش يۆنىلىشى، ئېنىق نىشانى،
جاسارىتى ۋە ئىرادىسىنى تىلغا ئالماي قالمايدۇ. سۋېن ھېدىن ھايات چېغىدا رەسسام،
يازغۇچى، جۇغراپىيىشۇناس، خەرىتىچى، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىكى گېرمانلارنىڭ
جارچىسى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىدىكى نىزاچى دېگەن ئاتاقلار بىلەن ئاتالغان. شۇ
زاماندا ئەڭ ئابرۇيلۇق ۋە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان شۋېتسىيىلىك بۇ كىشى تالاي نام -
شۆھرەتلەرگە سازاۋەر بولغان: 1905 - يىلى خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىكى-
گە، 1913 - يىلى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلانغان، 11 پەخرىي
دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋان، سان - ساناقسىز جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە باشقا ھەرخىل
ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولغان. 1902 - يىلى ئۇنىڭغا ئاقسۆڭەك دېگەن ئاتاق بېرىل-
گەن، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى شەرەپلىك ئالاھىدە ئاتاققا ئېرىشكەن شۋېتسىيىلىك كىشى ئىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىرادە ۋە خىزمەتلەرنى ھەرىكەت شوئارى قىلىپ تاللىۋالغان،
ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسىنى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىخچاملىيالمايمەن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۈركىي مىللەتلەرنىڭ رۇس مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

يۇسۇپجان ياسىن

شەرقىي ياۋروپا دالىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى رايونلىرى، يەنى كاسپىي ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى جايلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي بىر داۋامىدەك جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغاچقا، بۇ يەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ياۋروپا مىللەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ دەسلەپكى سورۇنىغا ئايلانغان ئىدى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قارا دېڭىزغا تۇتاش قىرىم يېرىم ئارىلىدا مىلادىيىدىن خېلىلا بۇرۇن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بەزى تارماقلىرىنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. مىلادىدىن كېيىن بولسا تۈركىي سەۋەبلەرگە كۆرە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا كۆچكەن ھۇن، بەش ئۇيغۇر (بولغار)، ئاۋار، ھازار، سىبىر، پەچەنەك، ئوغۇز ۋە قومان ـ قىپچاق قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئاۋۋال مۇشۇ جايدا قايتىدىن ئۇيۇشۇپ كۈچ كۆرسەتكەن، ئاندىن كېيىن ياۋروپانىڭ ئىچكى تەرەپلىرىگە قاراپ سۈرۈلگەن ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، بۇ يەر تارىختا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق ھاياتلىق ماكانلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغانىدى.

تۈركىي مىللەتلەر بىلەن رۇسلارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە مۇناسىۋىتىمۇ مۇشۇ جايدا باشلانغانىدى. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە مۇناسىۋەت تارىخى «ئوغۇزنامە» داستانىدىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى. داستاندا ئوغۇزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىتىل (ۋولگا) دەرياسى بويىدا ئۇرۇمخاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىقى، ئۇرۇمخاننىڭ «ئۇرۇس بەگ» دەيدىغان تۇغقىنىنىڭ ئوغۇزخانغا ساداقەت كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئوغۇزخاننىڭ ئۇنىڭغا «ساقلاپ» دېگەن نامنى بەرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ ①. تارىخشۇناسلار داستاندا تىلغا ئېلىنغان «ئۇرۇس بەگ» ۋە «ساقلاپ» دېگەن كىشىلەر ئارقىلىق سلاۋيانلار بىلەن ئۇلارنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان رۇسلارنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى ئالغا سۈرمەكتە، داستاندا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ رۇسلار ئۈستىدىكى سىياسىي تەسىرىدىن بېشارەت بېرىلگەن بولۇپ، تارىخشۇناسلار بۇ بېشارەتنىڭ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇنلۇقىنى تەستىقلىماقتا.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈركىي مىللەتلەر بىلەن سلاۋيانلارنىڭ ئۇچرىشىشى مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى دەۋرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. سلاۋيانلارنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان رۇسلارنىڭ تۈركىي مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىشى مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن باشلىنىدۇ. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككى مىللەت گورۇھىنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. بۇ جەريان ئەسلىدىنلا ئىككى خىل مەدەنىيەت ئېڭى ۋە سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان بۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تەقدىرىدە ئوخشىمىغان ماھىيەتتىكى زور تارىخىي ھادىسىلەرنى ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىنى پەيدا قىلدى. جۈملىدىن، ئىككى سىستېمىدىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ياكى چېكىنىشى، باش كۆتۈرۈشى ياكى زەئىپلىشىشى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆرسەتكەن مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە نەتىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ كەلدى.

رۇسلار مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىلمەن كۆلى ۋە كىيېف ئەتراپلىرىدا پەيدا

بولۇشقا باشلىغانىدى. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلار مۇشۇ جايلاردا كىنەزلىك
(بەگلىك) بولۇپ ئۇيۇشۇشقا باشلىغانىدى. بۇ چاغدا شەرقىي ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي
تەرەپلىرى تۈركىي مىللەتلەردىن بىرى بولغان ھازارلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىتىل، دىنىا،
دىنېپىر ۋە كۇبان دەرياسى ئەتراپلىرىدىكى جايلار ھازار خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە
قارايتتى. ھازار خانلىقى مۇكەممەل سىياسىي تەشكىلاتقا، قۇدرەتلىك، ئىلغار ھەربىي كۈچكە
ۋە گۈللەنگەن ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە ئىدى. بۇ خانلىق ئاشۇنداق ئۈستۈنلۈكلىرىگە تايە-
نىپ، شەرقىي ياۋروپادا ئاسايىشلىق ۋە بىخەتەر قاتناش ئالاقىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى.
مىلادىيە 7 ـ 9 ـ ئەسىرلەردە شەرقىي ياۋروپادا ھەقىقىي مەنىدىكى «ھازار تىنچلىق دەۋرى»
شەكىللەنگەنىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان رۇسلار
ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە ھازار خانلى-
قىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكەنى-
دى. بۇنداق مۇناسىۋەت نوۋگورود كىنەزى رۇرىك دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەنىدى②. رۇسلار-
نىڭ ھازارلارغا بولغان بېقىندىلىق تارىخى 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە داۋاملاشقانى-
دى.

ھازار تىنچلىقى خەلقئار قاتناش ۋە سودا ئالاقىسىنى تېزلىتىپ، ھازار خانلىقىنى شەرق
ۋە غەربتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان، سودا ئالاقىسىدا بولىدىغان ۋە بىر ـ
بىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرغانىدى. تىنچلىق، خاتىرجەملىك ۋە
ئەركىن ـ ئازادە مۇھىتتا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە يات مىللەتلەرنىڭ
ھازار مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ئىستىكى پەيدا بولغانىدى. بۇ خىل
ھالەت رۇسلاردا گەۋدىلىك تۈردە ئىپادىلەنگەن. ھازار خانلىقى تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەقەلى-
رىدىن بىرى سۈپىتىدە رۇس ـ سلاۋىيان دۆلىتىنىڭ تەشكىل تېپىشىغا ۋاسىتە بولغانىدى.
مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سودا ئالاقىسى بىلەن ھازار خانلىقىغا كەلگەن
سلاۋىيان ـ فىن ئارىلاشما قەبىلىلىرى ھازارلارنى ئۈرنەك قىلىپ تۇرۇپ، سىياسىي قۇرۇلما
تەشكىل قىلىشقا باشلىغانىدى③. رۇس تارىخشۇناسلىرىدىن ۋېرنادسكىي بىلەن لاسىخىنكوف
تەكىتلىگىنىدەك، مىلادىيە 882 ـ يىلىدىن كېيىن ۋارىگ ـ رۇس كىنەزلىكىنىڭ قولىغا
ئۆتكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن رۇسلارنىڭ تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئىگىلەپ كەلگەن
كىيېۋ شەھىرىنىڭ تۈركىي مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى ئالغا سۈرۈلمەكتە.④

ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشكىلىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى ھازارلاردىن قوبۇل قىلغان رۇسلار
ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان.
شۇڭلاشقا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى بىر تۈركولوگ «رۇسىيە تارىخى كىيېۋ
رۇسلىرى دەۋرىدىن بېرى داۋاملىق ھالدا تۈركىي مىللەتلىرى دۇنياسىغا باغلىنىپ كەلگەن»
⑤ دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق رۇس مەدەنىيىتىدىكى تۈركىي مىللەتلەر تەسىرىنىڭ كۆپ
تەرەپلىمە ئىزچىللىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئوتتۇرا ئەسىردە بەزى ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ
رۇسلارنى «تۈرك» دەپ يازغانلىقى ئەسلىدە رۇس مەدەنىيىتىدىكى تۈرك تەسىرىنىڭ بەكلا
كۈچلۈكلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

رۇسلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ۋاقتى ھازار خانلىقى دەۋرىگە توغرا كەلگەچكە،
بۇ ۋاقىتتا ھازارلارنىڭ رۇسلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە
بەكرەك گەۋدىلەنگەن. شۇ سەۋەبلىك، مىلادىيە 839 ـ يىلى شەكىللەنگەن رۇس ئىتتىپاقى-
نىڭ باشلىقى تۈركچىدىكى «قاغان» (رۇسچە گاگان ـ خاكان دېيىلگەن) دېگەن ئۇنۋاندا

www.uyghurkitap.com



ئاتالغانىدى. مىلادىيە 998 - يىلى خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان كىنەز ۋىلادىمىر ۋە مىلادىيە 1036 - 1050 - يىللاردا كىنەزلىك ئورنىدا ئولتۇرغان يارۇسلاۋ قاتارلىقلار «قاغان» ئۇنۋانىنى قوللىنىشنى داۋاملاشتۇرغان. خىلارىئون، ئىبنى رۇستا ۋە گەردىزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەمدە فرانىك ۋەقايىنامەسىدە «قاغان» ئۇنۋانىدا ئاتالغان رۇس كىنەزلىرى تىلغا ئېلىنغان ⑥. شۇ مەزگىللەردىن باشلاپ رۇس ئارىستوكراتلىرى ۋە مەمۇرلىرى تۈركچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان «بويلا» دېگەن نامدىن ئېلىنىپ «بويار» دەپ ئاتالغان ⑦. ھازىرقى رۇس تىلىدىكى «ئىدارە»، «ئورگان» مەنىسىدىكى «بيورو» سۆزىمۇ ئاشۇ «بويلا» دېگەن نامغا تاقىلىدۇ. مىلادىيە 10 - ئەسىردە كىيېۋ شەھىرىنىڭ بىر بۆلىكى تۈركچە «قوزارى» (كوزارى) دەپ ئاتالغىنىدەك، كىيېۋ شەھىرىنىڭ ئۆزىمۇ تۈركچە «مانقېرمېن» (چوڭ قەلئە، دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغانىدى. موسكۋادىكى «كىرېملىن سارىيى» نىڭ ئاشۇ نامىمۇ تۈركچىدىن كەلگەنىدى. رۇس ۋە قايىنامەسى — «رۇس ھەقىقىتى» دىكى ئىدارە قىلغۇچىلار بىلەن ئىدارە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈشتە ئادەتتە ھازار - تۈرك جەمئىيىتىنى ئىسپات قىلىش مۇمكىن ⑧.

مىلادىيە 946 - 972 - يىللاردىكى كىنەز سۋياتوسلاۋ رۇسلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ سىرتقا قاراپ كېڭىيىش ئۈچۈن، ھازارلارنىڭ تەرىزىدە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز (سۇ) ئارمىيىسىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنى ھازارلارنىڭ تاكتىكىسى بويىچە مەشىق قىلدۇرغان. سۋياتوسلاۋ يەنە تۈركچە كىيىنىشنى تەشەببۇس قىلغان ھەم ئۆزىمۇ ھەرۋاقىت تۈركچە كىيىنىپ يۈرگەن. سۋياتوسلاۋ ھازارلاردىن ئۆگەنگەن تېخنىكا ۋە تاكتىكا بويىچە ئۆزىنىڭ تۇنجى ھەربىي نىشانىنى ھازار خانلىقىغا قاراتقان. ئۇ مىلادىيە 965 - يىلى ھازار خانلىقىغا تۇيۇقسىزلا ھۇجۇم قىلىپ، پايتەخت ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، بۇ خانلىقنى ئاغدۇرۇۋەتكەن. ھازارلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆگەنگەن مەدەنىيەتنىڭ كۈچى بىلەن قولغا كەلگەن بۇ غەلىبىدىن كېيىن، رۇسلار ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كاسپىي دېڭىزى كاۋكاز ۋە بالقان تەرەپكە كېڭەيتىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان. ⑨

سۋياتوسلاۋنىڭ ھازارلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى رۇسلارنىڭ نوپۇزى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتكەن. كىيېۋ شەھىرىمۇ رۇسلارنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇشتىن ھالقىپ، يەنە دىن، مەدەنىيەت ۋە سودا مەركىزىگىمۇ ئايلانغان.

دېمەك، رۇسلار ھازارلارغا ئاۋۋال بېقىندا، كېيىن قوشنا ئەل بولۇپ ياشاش جەريانىدا ئىلغار ماھىيەتتىكى ھازار مەدەنىيىتىن داۋاملىق ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئاجىز ۋە بېقىندا ئورۇندىكى كىچىك بىر كىنەزلىكتىن ئۆزگىرىپ، ھازارلار بىلەن تىركىشەلەيدىغان، ھەتتا ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن قۇدرەتلىك بىر سىياسىي كۈچكە ئايلانغانىدى.

ھازار خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە ئىتىل ۋە قاما دەرياسى بويىدا ئىتىل بولغار خانلىقى (مىلادى 668 - 1236 - يىللار) مۇ دەۋر سۈرگەن. رۇسلار ئىتىل بولغار خانلىقى بىلەن نورمال مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە بۇ خانلىقنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەزەربەيجان ئالىمى، داڭلىق تىلشۇناس ئا. جەفەر ئوغلى بۇ ساھەدە ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ خىل تەسىر ئاساسلىقى بولغار تىلىنىڭ سلاۋيان ۋە رۇس تىلىغا تەسىر كۆرسىتىشىدە بەكرەك گەۋدىلەنگەنىدى. ⑩

شەرقىي ياۋروپادا ھازارلار ئوتتۇرىدىن قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن سۈرۈلۈپ كەلگەن پەچەنەكلەر ئىگىلىگەن. ئۇلار دون دەرياسى بويلىرىدىن دنىيېپىر دەرياسىنىڭ غەربىي تەرەپلىرىگىچە بولغان جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادى 1076 - يىلىدىن

كېيىن، ئوغۇزلارنىڭ بېسىمى بىلەن دوناي ھاۋزىسى تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن. پەچەنەكلەر شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى بىرقانچە ئەسىرلىك ھاياتىدا چوڭ بىر دۆلەت پەيدا قىلالمىغان، پەقەت قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ، ئۇرۇش ۋە مۇداپىئە مەزگىللىرىدە بىرلىشىپ ئۆتكەنىدى. ئۇلار يۇقىرى سەۋىيىلىك ئاتلىق ئۇرۇش تېخنىكىسىغا ئىگە بولغاچقا، بۇ تەرەپ رۇسلارنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتقانىدى. نەتىجىدە رۇسلار ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرگەنىدى. ⑪ تارىخشۇناسلارمۇ رۇس ئاتلىق قوشۇنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى پەچەنەك تەسىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. پەچەنەكلەر قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭ جايلاردا رۇسلار بىلەن 121 يىل قوشنا ياشاش جەريانىدا ئۇلار بىلەن 11 قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلغانىدى. رۇس ئاتلىق قوشۇنىنىڭ تەشكىل تېپىشىدىكى پەچەنەك تەسىرى مانا شۇنداق ھەربىي توقۇنۇش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا پەچەنەك مەدەنىيىتىنىڭ مىراسلىرى سۈپىتىدە ھازىرغىچە سىربىيە، رۇسىيە، ھۇنگرىيە (ۋېنگرىيە)، تۈركىيە ۋە كاۋكازدىكى بەزى يەر ناملىرىدا ۋە بۇ يەرلەردە تارقالغان رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ خاتىرىسى ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ⑫

پەچەنەكلەر شەرقىي ياۋروپادا چوڭ بىر دۆلەت - سىياسىي تەشكىل پەيدا قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، رۇسلارنىڭ كاۋكازغا قاراپ كېڭىيىشى ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدىغان سودا يولىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش ئارزۇسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى.

پەچەنەكلەر ۋە ئۇلارنى دوناي ھاۋزىسىغا سۈرگەن ئوغۇزلاردىن كېيىن، جەنۇبىي رۇسىيە، كاۋكاز ۋە بالقاننىڭ تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان يەنە بىر تۈركىي مىللەت بولسا ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «كۇمان»، شەرقلىقلەر تەرىپىدىن «قىپچاق» دەپ ئاتالغان خەلق ئىدى. مانا شۇ قۇمان - قىپچاقلار مىلادى 1080 - يىلىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى شەرقتە بالقاش كۆلى ۋە تالاس ھاۋزىسىدىن، غەرپتە دوناي دەرياسىنىڭ بويلىرىدىغىچە كېڭەيتكەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇمان - قىپچاق تېررىتورىيىسى ئىسلام مەنبەلىرىدە «دەشتى قىپچاق»، غەرب مەنبەلىرىدە بولسا «كۇمانىيە» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانىدى. د. راسۋۇسكىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، رۇس، بولغار، ھازار، ئالان، قاڭلى، بورتاس، ئۇلاخ ۋە موردىۋان قاتارلىق كۆپ خىل مىللەتلەرنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان قۇماق - قىپچاق خانلىقى ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، يايىق - ئىتىل، دون - دونىتىز، تۆۋەنكى دنىېپىر ۋە دوناي بويلىرىدىن ئىبارەت بەش چوڭ مەمۇرىي رايونغا بۆلۈپ ئىدارە قىلغانىدى. ⑬

قۇمان - قىپچاقلارنىڭ سىياسىي قۇدرىتى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋاقىتقا قەدەر داۋاملاشقان. بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان بۇ جەرياندا ئۇلار رۇسلار ۋە بالقان مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان. بۇ چاغدا كىيېۋ كىنەزلىكى ھوقۇق تالىشىش يۈزىسىدىن بىرقانچە كىنەزلىككە ئايرىلىپ، رۇسىيە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. راسۋۇسكىينىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، رۇس كىنەزلىكلىرىدىن بەزىلىرى قۇمان - قىپچاقلارنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا بولغان.

مىلادىيە 1185 - يىلى نوۋگورود - سېۋېرسك كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى ئىگور خۇسۇسىي خائىشى بويىچە، ئەسكەر باشلاپ قۇمان - قىپچاقلارغا تۇيۇقسىز ئۇرۇش قوزغىغان. ئەپسۇس ئۇنىڭ قوشۇنى دون دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان قايالىق ئېقىنى بويىدا قۇمان - قىپچاقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن قاتتىق ـ دەھشەتلىك مەغلۇپ بولغانىدى. بۇ مەغلۇبىيەت رۇسلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە رۇس ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى يارىتىش ئىستىكىدە «ئىگور داستانى» مەيدانغا كەلتۈرۈلگەنىدى. رۇس ئالىملىرى بۇ داستاننى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ گۈزەل ئۈرنىكى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. رۇس فولكلور تەتقىقاتچىلىرىدىن د. س. لىخاچىف «داستان ھەر ۋاقىت رۇس ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈرنەكلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئۆز غايە ۋە گۈزەللىكىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ھاياتلىق قارىشىدۇر»⑭ دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ داستاننىڭ رۇسلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدىكى، شۇنداقلا رۇس ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىكى يۈكسەك ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەنىدى.

«ئىگور داستانى» ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، بۇ داستان رۇس مەدەنىيىتىدىكى تۈرك تەسىرىنىڭ مۇھىم مەھسۇللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقەتەن «ئىگور داستانى» قۇمان ـ قىپچاقلارنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەنىدى.⑮ داستان قۇمان ـ قىپچاقلار بىلەن رۇسلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈچلۈكلىكىگە قارىماي، قۇمان ـ قىپچاقلارنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىدا يارىتىلغانىدى. رۇس ئەدەبىياتىنىڭ شاھنامەسى دەپ قارىلىدىغان «ئىگور داستانى» ئۆرۈش تاكتىكىسى، قوراللىنىش ۋە مەدەنىچىلىك جەھەتلەردە رۇسلار ئۈستىدىكى تۈرك تەسىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.⑯

قۇمان ـ قىپچاقلارنىڭ رۇس مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى يالغۇز يۇقىرىقى تەرەپلەر بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى يەنە سەنئەت ساھەسىدىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى. بۇ نۇقتىدا رۇس شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولد مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن بىردەك ھالدا رۇسلارنىڭ مىللىي ئۇسۇلى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان «تەكشى قەدەملىك پۇت سىلكىش ئۇسۇلى» (تەپمە ئۇسۇل) نىڭ ئەسلىدە قۇمان ـ قىپچاقلارنىڭ ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.⑰ ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ بۇ پىكرى تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ساھەدە بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

تۈركىي مىللەتلەرنىڭ رۇسلارغا كۆرسەتكەن سەنئەت تەسىرى قاتارىدا «بالالايكا» نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. رۇسلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ چالىدىغان ۋە دۇنياغا داڭلىق بولغان چالغۇسى «بالالايكا» تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھۇنلار دەۋرىدىن بىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان «قوپۇز» دېگەن چالغۇسىنىڭ بىراز ئۆزگەرتىلگەن شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. «بالالايكا» دېگەن ئىسىممۇ تۈركىي تىلىدىن كەلگەن.⑱ لېكىن، رۇس مىلودىيىلىرى ئۈستىدىكى تۈرك تەسىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تازا چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىدى.

مىلادى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ھېسسىپ كىرىشى بىلەن قۇمان ـ قىپچاق خانلىقى يىمىرىلىپ كەتكەن. قۇمان ـ قىپچاقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلانغان. بىر قىسمى ئىتىل بۇلغارلىرىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئاز بىر قىسمى بولسا غەربىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئافرىقىغا كۆچۈپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل رۇسىيە تەۋەسىمۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، رۇس كىنەزلىكلىرى بۇ ئىمپېرىيىنىڭ بېقىندى ئەللىرىگە ئايلاندۇرۇلغانىدى.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئالتۇن ئوردۇ خانلىقى مىلادى 1240 ـ يىللاردا تەشكىل تاپقان بولۇپ، شەرقتە ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدىن غەربتە دۇناي دەرياسى ۋادىسى-

غىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى. ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىغا تەۋە جايلاردىن
رۇسىيەدىن باشقىسى، يەنى خارازىم، دەشتى قىپچاق، كاۋكاز، قىرىم ۋە ئىتىل دەرياسى
بويلىرى تۈرك مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئالتۇن ئوردۇ خانلىقى مانا شۇنداق
تۈرك مەدەنىيىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، دۆلەت پۈتۈنلەي تۈركىي مىللەتلەرنىڭ دۆلەت
ئەنئەنىسى بويىچە ئىدارە قىلىنغانىدى. تۈرك تىلىمۇ خانلىقنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلانغانىدى.
دېمەك، موڭغۇل ئىستىلاسى تۈركىي تىلىنىڭ جانلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە تەسىرىنىڭ
كېڭىيىشىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلىغانىدى.

ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشى ۋە
ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى تۈرك مەدەنىيىتى ئاساسىدا داۋاملاشتۇرۇشى خانلىق تەۋەسىدىكى
موڭغۇللارنى تېزلا تۈركلىشىپ كېتىشكە يۈزلەندۈرگەن. يەنە كېلىپ ئالتۇن ئوردۇ تەۋەسى
شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكىنى ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئالغان
بولغاچقا، بۇ خانلىقمۇ ھازار خانلىقىغا ئوخشاش كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىدىغان ۋە
قوشۇلىدىغان سورۇنىغا ئايلانغانىدى. مىلادى 1333 ـ يىلى ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىنىڭ بەركە
سارىيىنى زىيارەت قىلغان ئەرەپ ساياھەتچىسى ئىبنى باتۇتا بۇ شەھەرنىڭ مىللەت تەركىبىنىڭ
كۆپخىللىقىنى، بۇ يەردە ئايرىم ـ ئايرىم رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان موڭغۇللار، ئاسلار، قۇمان ـ
قىپچاقلار، رۇسلار، ۋىزانتىيىلىكلەر، سۈرىيىلىكلەر، ئىرانلىقلار ۋە شەرقلىق باشقا مىللەت
ئاھالىسىنىڭ ئۇچرايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى. ئىبنى باتۇتا تىلغا ئالغىنىدەك، موڭغۇل
ئىمپېرىيىسىنىڭ شەقتە كورىيىدىن غەرپتە ئادرىياتىك دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردا تۇرغۇزغان
ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى كۆپخىل مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۇچرىشىشىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈ-
رۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ خەلقارالىق ئالاقىسىنى كۈچەيتكەنىدى. بولۇپمۇ رۇس كىنەزلىكلىرى-
نىڭ ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىغا بېقىندا بولغان ھالدا ئىككيۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بۇ
خانلىقنىڭ بىر تۇتاش سىياسىي تەسىرى ئاستىدا تۇرۇش رۇسلار بىلەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ
مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ بەكرەك قويۇقلاشتۇرغانىدى. رۇسلارنىڭ تۈركىي مىل-
لەتلەر مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشى ۋە ئۆگىنىشى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. بۇ ئەھۋال
بولۇپمۇ موسكۋا كىنەزلىكىدە ئالاھىدە كۈچلۈك بولغانىدى.

رۇس كىنەزلىكلىرى ئىچىدە مۇسكۋا كىنەزلىكىنىڭ ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىغا بولغان
ساداقىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىغا ۋەكالىتەن رۇس كىنەزلىكلىرىدىن
باج يىغاتتى. شۇ سەۋەبلىك رۇسلار مۇسكۋا كىنەزى ئىۋان (مىلادى 1328 ـ 1341 ـ يىللار)
غا «تۈركلەرنىڭ خالتىسى» دېگەن لەقەم قويغان، ئىۋان تارىختا «ئىۋان خالتا» دېگەن نامدا
ئاتىلىدۇ. ⑲ مۇسكۋا كىنەزلىكى ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىغا ساداقەت كۆرسىتىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا يەنە تۈرك مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىش دولقۇنىنى پەيدا قىلغانىدى. ئالتۇن ئوردۇ
خانلىقىمۇ مۇسكۋا كىنەزلىكىگە نىسبەتەن ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىش ۋە يول قويۇش پوزىتسى-
يىسىدە بولغانىدى. شۇڭا، مىلادىيە 1480 ـ يىلى مۇسكۋا كىنەزلىكى ھېچقانداق بىر ھەربىي
توقۇنۇش ھالىتى پەيدا قىلماستىنلا ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانىدى.
رۇس تارىخچىلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مۇسكۋا كىنەزلىكى مۇستەقىللىق ھالىتىگە
ئېرىشكەندىن كېيىن، دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىدە ئالتۇن ئوردۇ خانلىقى-
نىڭ ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى. موسكۋا كىنەزلىرى ۋە چار پادىشاھلار تاكى پېتىر I دەۋرىگە
قەدەر دىپلوماتىك پائالىيەتلەردە ۋە ئەلچىلىك مۇراسىملىرىدا ئالتۇن ئوردۇ دىپلوماتىيىسىنىڭ
پۈتكۈل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەينەن تەدبىقلىغانىدى. ⑳ ھەتتا رۇس كىنەزلىرى ۋە بويارلىرى

www.uyghurkitap.com

كېيىنىش ۋە تارىنىش جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىنى تۈرك مەمۇرلىرى بىلەن بىر خىللاشتۇرغانىدى. ھەقىقەتەن رۇسلارنىڭ سىياسى تارىخىدا تۈرك تەسىرى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشقان. 17 - ئەسىرگە كەلگەندە رۇسىيىدىكى 915 نەپەر پىرەنس ۋە بويارلارنىڭ ئىچىدە 156 نەپىرى تۈركىي مىللەتلىرىدىن ئىدى. [21] 19 - ئەسىردە ياشىغان بىر رۇس تارىخچىسى توغرا ئېيتقىنىدەك، «ئاسىيا خەلقلىرى (تۈركىي مىللەتلەر) نىڭ رۇسىيە ئۈستىدىكى تەسىرىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس.» [22]

ئالتۇن ئوردۇ دەۋرىدە رۇس مەدەنىيىتىدىكى تۈرك تەسىرى ئالدىنقى مەزگىلدىكى ھەرقانداق بىر دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا چېتىلىدىغان ساھە ۋە ئۇنىڭ سالمىقى جەھەتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇ دەۋردىكى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سىياسىي - ھوقۇق، ئەدلىيە - ئارمىيە، ئېتنوگرافىيە، تىل - ئەدەبىيات، بىناكارلىق - مىمارچىلىق، ئىقتىسادىي ھايات، قىياپەت (ياسىنىش ۋە تارىنىش) ۋە سەنئەت قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، قەتئىي ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بۇ تەسىرلەر ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغىنى تۈركىي تىلىنىڭ رۇس تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بولدى. تۈركىي تىلىنىڭ رۇس تىلى ئۈستىدىكى تەسىرى ھازارلار دەۋرىدىلا باشلانغانىدى. «ئىگور داستانى» بولسا تۈركىي تىلىنىڭ رۇس تىلىدىكى تەسىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تۇنجى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلە خېلى بۇرۇنلا رۇس ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىلا ۋاسىلىي تۇزوۋ بىلەن تاتىشچېف رۇس تىلىغا شەرق تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەر ئۈستىدە ئەسەر يېزىپ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى باشلىغان. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ف. ئىردمان «ئىگور داستانىدا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەسىلە رۇسىيىدىكى مۇھىم بىر تەتقىقات تۈرىگە ئايلىنىپ ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك تەرەققىيات تارىخىنى بېسىپ ئۆتتى. يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئالىملاردىن كېيىن، «ئىگور داستانى» دىكى تۈركچە سۆزلۈكلەر ۋە تۈرك روھىنىڭ بۇ داستانغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا بېرېزىن، گىرىگورىيېف، كازىمبېك، مېلىئورانسكىي، زېمىن ۋە مالوۋ قاتارلىقلار تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانىدى، 1985 - يىلىغا كەلگەندە باسكاكوفنىڭ «ئىگور داستانىدىكى تۈرك لېكسىكىسى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ تېما ھەتتا رۇسىيە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭمۇ دىققىتىنى تارتقانىدى. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق تۈركىي تىلىنىڭ رۇس تىل ئۈستىدىكى تەسىرى يالغۇز بۇ داستان بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. بەلكى يەنە 13 -، 15 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئون بىر چوڭ داستان ۋە ھېكايىدىمۇ كۆرۈلگەنىدى. [23] رۇس ۋە سلاۋيان تىللىرىدىكى بىۋاستە ھالدا تۈركىي تىلىدىن كىرگەن ياكى تۈركىي تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەر توغرىسىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇ تېمىغا كېيىنكى ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ۋە باشقا بەزى ژۇرناللاردا مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىلغان، ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1970 - يىلىغا قەدەر «شەرق ۋە غەرب سلاۋيان تىللىرىدىكى تۈركچە مەنبەلىك سۆزلەر» دېگەن تېمىدا ئۈچ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 1971 - يىلى يانۋاردا كىيېف شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئا. ئى. كرىمىسكىينىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئون نەپەر ئالىم بۇ تېمىنى قايتىدىن مۇھاكىمە قىلغان. 1972 - يىلى

فېۋرالدا تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن بىر كونفىرانسىتا ئا. ن. كونونوف «رۇس تىلىدىكى تۈر-
كىزم ۋە تۈركىي تىلىدىكى رۇسىزم، يەنى بۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەتىقى
قىلىنىشى پايدىلىق بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ناھايىتى زور قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ» [24] دەپ
كۆرسۈتىش ئارقىلىق بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرگە-
ندى. بۇ ئالىم يەنە سوۋېت تۈركولوگلىرى كومىتېتىنىڭ 1975 - يىلى يانۋاردا ئېچىلغان
يوق يىغىنىدا تۈركولوگلار تەرىپىدىن رۇس تىلىدىكى تۈركچە مەنبەلىك سۆزلۈكلەر لۇغىتى-
نى تەييارلاپ نەشر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتەتكەنىدى. [25] قىرغىز يازغۇچىسى چىڭ-
غىز ئايتماتوف «رۇس تىلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۈركچىدىن كەلگەن سۆزلۈكلەردىن
تەشكىل تاپقان» [26] دەپ كۆرسەتكەن. كونونوف بىلەن ئايتماتوفنىڭ بۇ پىكرى تۈركىي
تىلىنىڭ رۇس تىلى ئۈستىدىكى تەسىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن زور دەرىجىدە
ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەھۋال ھەقىقەتەن ئايتماتوفنىڭ دېگىنىدەك بولغان
تەقدىردىمۇ، مەسىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى ۋە بىزنىڭ ھەممىدىن بەكرەك ئەھمىيەت بىلەن
قارايدىغىنىمىز رۇس تىلىدىكى تۈركچە سۆزلۈكلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە
رۇس تىلىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىنىڭ تۈركچە سۆزلۈكلەر بىلەن ئاتىلىشى-
دۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز تۆۋەندە كىيىنكى دەۋرىدىن تارتىپ رۇسلار ئىشلىتىپ كېلىۋات-
قان قىسمەن سۆزلۈكلەرنى مىسال كەلتۈرىمىز.

1. سىياسىي - ھوقۇق، ئارمىيە ۋە ئەدلىيىگە دائىر سۆزلۈكلەر: «گاگان - خاكان»
(قاغان)، «بويار» (ئەمەلدار، ئارستوكرات)، «بيورو» (ئىدارە)، «تۇرۇن» (تۇدۇن - نازارەت-
چى)، «ئۇررا» (‹ئۇر› ۋە ‹ئال› دىن كەلگەن، ھۇررا)، «گازارما» (گازارما)، «كارا-
ئۇل» (قاراۋۇل)، «يېسائۇل» (ياساۋۇل)، «ئاتاكا» (ھۇجۇم قىلماق)، «بازا» (بازا)،
«كازاك» (قازاق، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ بىر خىل ئىمتىياز نامى)، «كۇرگان»
(قۇرغان)، «كارا» (جازا)، «ئۇچان» (ھەربىي كىمە)، «سۇد» (سود، ئەسلى پارسچە)
قاتارلىقلار.

2. ئىقتىساد ۋە پۇل - مۇئامىلىگە دائىر سۆزلۈكلەر: «تامۇژنا» (تامۇژنا، ‹تامغا›
دىن كەلگەن)، «چېك» (چەك)، «كارۋان» (سودا ئەترىتى)، «باگاچ» (باي)، «بازار»
(بازار)، «خازيائىن» (خوجايىن)، «گازنا» (غەزىنە)، «دېنگى» (تەڭگە)، «كوپېيك»
(پۇل بىرلىكى ‹كەبەك› تىن كەلگەن)، توۋار (تاۋار)، «تاۋارىش» (يولداش، ‹تۇۋار›
ۋە ‹ئىشى› دىن كەلگەن)، «تورگى» (كىم ئاشتى) قاتارلىقلار.

3. رۇس كىشى ئىسىملىرى ۋە فامىلىلىرىدە كۆپ قوللىنىدىغان ئىسىملار: «كاراخان»،
«كوركمازوف»، «چېمادانوف»، «كوزلوف»، «ئاكساكوف»، «چاپايېف»، «نازاروف»،
«تۇرگىنىف» قاتارلىقلار.

4. كىيىم - كېچەك، ياسىنىش ۋە قىياپەتكە دائىر سۆزلۈكلەر: «شاپكا» (شەپكە)،
«كالپاك» (قالپاق، موگو)، «شتان» (ئىشتان)، «ساندال» (سەندەل)، «باشماق»
(ئاياق)، «سوروك» (كۆڭلەك)، «يارلىك» (دوپپا، ماركا)، «يېپانچا» (يىرتىلغان كونا
چاپان)، «تون» (چاپان)، «زىگزاگ» (زىغزىغ)، «زىناك» (زىناق)، «ئۇسما» (ئۇسما)،
«بورودا» (بۇرۇت) قاتارلىقلار.

5. تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا قۇرال - سايمانلارنىڭ ئىسىملىرى: «سۇندۇك»
(ساندۇق)، «چېمادان» (چامادان)، «ساماۋار» (ساماۋەر)، «چايناك» (چەينەك)،
«پودنوس» (پەتنۇس)، «بۇرائۇ» (ئۇشكە)، «باگاژ» (يۈك)، «باراban» (دۇمباق)،

www.uyghurkitap.com

«تارا» (نەرسىلەرنى يۆگىمەك)، «كىنىژەل» (خەنجەر) قاتارلىقلار.

6. ھايۋانات، جان - جانىۋار ۋە ئۇچار - قۇشلارنىڭ ئىسىملىرى: «بارس» (يولۋاس)، «كابان» (قاۋان - ياۋا توڭگۇز دېگەن مەنىدە)، «لوشچاد» (ئالا - تاغىل ئات)، «ئارگاماك» (ئارغىماق)، «كولان» (قۇلان)، «كوزا» (قوي، ئۆچكە)، «بارسۇك» (بورسۇق)، «دژېيران» (جەرەن)، «بالىك» (بېلىق)، «چېرېپاخا» (تاشپاقا)، «پاخا» (پاقا)، «تاراكان» (سۇۋەرەك)، «بېركۇت» (بۈركۈت)، «سازان» (سازاڭ) قاتارلىقلار.

7. ئۆي - جاي، يەر - زېمىن، يېمەك - ئىچمەك ۋە مىۋە - چېۋىگە دائىر سۆزلۈكلەر: «چايخانا» (چايخانا)، «چاي» (چاي)، «زېمىن» (يەر - زېمىن)، «كايما» (چەت، ياقا)، «باگچا» (ئېتىزلىق)، «ئىزيۇم» (ئۈزۈم قېقى)، «ئابرۇز» (تاۋۇز)، «ياچمان» (بۇغداي)، «ۋودا» (سۇ) قاتارلىقلار.

8. سۈپەت سۆزلىرى: «ياركىي» (يارقىن)، «تومان» (تۇمان)، ئالىي (قىزىل)، «باگاتىر» (باتۇر، قەھرىمان)، «يائۇز» (جەڭگىۋار)، «ئاۋاريا» (ئاۋارىگەرچىلىك، ھادىسە)، «ئازارت» (روھلىنىش)، «ئالچ» (ئاچكۆز، پاراخور)، «باگروۋىي» (بېغىررەڭ)، «بېز» (يوق، كېرەكسىز)، «تومنىي» (قېنىق)، «پارا» (پەر، ماس كېلىش) قاتارلىقلار.

بۇ تىل پاكىتلىرى بىزگە بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى (يەنى ئادەم ئىسىملىرى ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ئىسمى بۇنىڭ سىرتىدا) دە ئىپادىلەنگەن نەرسىلەرنى ياكى مەدەنىيەت بەلگىلىرىنى رۇسلارنىڭ تۈركىي مىللەتلەردىن قوبۇل قىلغانلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تونۇغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۈركىي تىلىنىڭ رۇس تىلىغا كۆرسەتكەن كۈچلۈك تەسىرىنىڭ مۇھىم بەلگىسىدىن بىرى «كازاك» دېگەن نامدىن ئىبارەت ئىدى. مەلۇمكى، تۈركىي تىلىدا «قازاق» نامى «ئەركىن ئادەملەر»، «ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىققان ھۆررىيەتچىلەر» ۋە «ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆز مەيلىچە كەتكەنلەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. 15 -، 16 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، بىر تۈركۈم رۇسلار موسكۋا مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىدىن چىقىپ ئەركىن ياشاش مەقسىتىدە، دون، يايىق (ئۇرال)، ئىتىل، تېرەك ۋە دنېپېر دەرياسى بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە ئۆزلىرىنى تۈركچىدىكى «قازاق» دېگەن نام بىلەن «كازاك» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن ئىبارەت بۇ تارماق رۇسلار «كازاكلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. [27]

رۇسىيىدىكى تەتقىقاتلاردا رۇسلارنىڭ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىر مۇنچە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى (رۇسلاردىكى بۇرۇت قويۇش، بىلىگە قىلىچ - خەنجەر ئېسىپ يۈرۈش، قىز - ئاياللارنى ئۈستۈن كۆرۈپ قەدىرلەش، «ئۈچ»، «يەتتە»، «توققۇز» دېگەن سانلارنى مۇقەددەس بىلىش) قوبۇل قىلغانلىقى ۋە بىناكارچىلىقتا تۈرك مىمارچىلىقىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ساھەدىمۇ چوڭقۇرراق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. رۇسىيىنىڭ شەھەر، كوچا ۋە باشقا جۇغراپىيىلىك ناملىرىدا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ نامىغا ۋە مەدەنىيىتىگە باغلىنىدىغان بەلگىلەر بار.

رۇسلارنىڭ تۈركىي مىللەتلەردىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى قوبۇل قىلىش تارىخى 19 - ئەسىرگە قەدەر داۋاملاشقانىدى. بۇ تەسىر رۇسلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ئىرادىسىنىڭ تاللىشى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. نەتىجىدە تۈركىي مىللەتلىرى مەدەنىيىتى رۇسلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە گۈللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋاسىتىغا ئايلانغان.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، 19 - ئەسىردە رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى

بېسىۋالغاندىن كېيىن، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى دەۋرى باشلاندى. لېكىن بۇ تەسىرنىڭ ماھىيىتى پەرقلىق بولۇپ، ئۇ رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ چوڭ رۇسچىلىقنى نىشان قىلغان غەيرىي ئىنسانىي تۈستىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى-نىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ جەرياندا رۇسلارنىڭ تۈركىي مىللەتلەرنى خىرىستىئانلاشتۇرۇش ۋە رۇسلاشتۇرۇش شوئارى ئاستىدا يۈرگۈزۈلگەن مەدەنىيەت زورلاۋانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىي مىللەتلەرگە مەجبۇرىي يۈكلىنىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئاتالمىش مەدەنىيەت تەسىرى دەپ قارالغان بۇ خىل مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلە-كى ئۆزى نىشانلىغان تۈركىي مىللەتلەرنى سىياسىي ھايات، ئىدىئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قاتتىق چايقىلىش ۋە ئېغىر دەرىجىدە گۇمران بولۇشقا يۈزلەندۈرگەنىدى.

بىبلىئوگرافىيە
① «ئوغۇزنامە»، ئۇيغۇرچە، 50 ـ، 51 ـ، 52 ـ بەتلەر، 1981 ـ يىلى، بېيجىڭ.
②③⑥⑫⑬⑯ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 12، توم، 2 ـ قىسىم، 198 ـ، 199 ـ، 201 ـ، 202 ـ، 204 ـ، 205 ـ، 207 ـ بەتلەر، 1988 ـ يىلى، ئىستانبۇل،
④ ژ. بروتكوز: «قەدىمكى كىيېفنىڭ تۈرك ـ ھازار مەنبەسى»، تۈركچە DTCFD، 1946 ـ يىلى، 4 ـ سان، 343 ـ، 350 ـ بەتلەر.
⑤ بۇلات كومىكوف: «ئەرەب مەنبەلىرىگە كۆرە 9 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردىكى كىماك دۆلىتى»، رۇسچە، 3 ـ بەت، 1972 ـ يىلى، ئالمائاتا.
⑦ «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 7 ـ توم، 499 ـ بەت، 1969 ـ يىلى، ئىستانبۇل.
⑧ ل. راسۇنى: «تارىختا تۈركلۈك»، تۈركچە، 127 ـ بەت، 1942 ـ يىلى، ئەنقەرە.
⑨ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 29 ـ توم، 321 ـ بەت، 1980 ـ يىلى، ئەنقەرە.
⑩⑰ ئا. جافەرئوغلى: «تۈرك تىلى تارىخى»، تۈركچە، 101 ـ، 160 ـ بەتلەر، 1984 ـ يىلى، ئىستانبۇل.
⑪ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 9 ـ توم، 538 ـ بەت، 1964 ـ يىلى، ئىستانبۇل.
⑭⑮⑱⑲㉒㉖㉗ بايمىرزا ھايىت: «سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى تۈركلۈكنىڭ ۋە ئىسلامىيەت-نىڭ بەزى مەسىلىلىرى»، تۈركچە، 26 ـ، 27 ـ، 28 ـ، 29 ـ، 30 ـ، 31 ـ بەتلەر، 1987 ـ يىلى، ئىستانبۇل.
⑳ ئا. ن. كونونوف: «رۇسىيىدىكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى تارىخى»، رۇسچە، 9 ـ بەت، 1972 ـ يىلى، لېنىنگراد.
㉑ ۋىلادىمىروف، بۇدانوف: «رۇس قانۇن تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، رۇسچە، 123 ـ بەت، 1915 ـ يىلى، پېتىربورگ.
㉓ «سوۋېت تۈركولوگىيىسى»، رۇسچە، 1973 ـ يىلى، 3 ـ سان، 28 ـ، 37 ـ بەتلەر.
㉔㉕ «سوۋېت تۈركولوگىيىسى»، رۇسچە، 1975 ـ يىلى، 2 ـ سان، 111 ـ، 122 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

## بسم الله الرحمن الرحيم

## سەۋرنىڭ ھېكمىتى

«تەڭرى بىرەر ئادەمگە سەۋردىن چوڭ ۋە ياخشى نەرسە ئاتا قىلمىغان»
— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

تەڭرى بۇيرۇغان ۋە تەڭرى ياخشى كۆرىدىغان گۈزەل ۋە ئالىي ئەخلاقلاردىن بىرى سەۋردۇر.

سەۋر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ كاتتا روھىي نېمەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەت قىلىدۇ، گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تىزگىنلەشكە تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سەۋرلىك بولۇش ناھايىتى كۆپ پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسى، خېلى كۆپ گۇناھلارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تىزگىن. سەۋرسىزلىك نۇرغۇن پەزىلەتسىزلىك ۋە گۇناھلارنىڭ ئانىسىدۇر. شۇڭا «سەبرى» ئىبارىسى «قۇرئان كەرىم» دە «70 قېتىمدەك سۆزلىنىدۇ»① كەن. بۇمۇ سەۋرنىڭ ھېكمىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ. «سەۋر» نىڭ ھېكمىتى ۋە مەنىسى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تەڭرىنىڭ خىسلىتى ۋە سۈپىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، روھىي ھايات بىلەن ماددىي ھايات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئالىي ئەخلاق بىلەن ئەخلاقسىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق مۇناسىۋەتلەر داۋامىدا چېنىقىش بىلەن ئەركىكنى ئايرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر پاسىل بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن مەزگىللىك روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىش ۋە روھنى تاۋلاش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان ئالىي ئەخلاق تەلىپىدىن ئىبارەت.

سەۋرنىڭ ھېكمىتىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ چۈشەندۇرۇشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، سەۋر تەڭرىنىڭ خىسلىتى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ بىرى. تەڭرى سەۋرى قىلغۇچى، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، كىشىلەر «تەڭرىنىڭ ئارغامچىسى ھەقىقەتەن ئۇزۇن» دەپ تەرىپلەيدۇ. تەڭرى ئۆزى سەۋرنى ياخشى كۆرىدۇ، غەزەپنى ياقتۇرمايدۇ، شۇڭا ئۇ سەۋرلىك كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ. سەۋرى بىلەن تەڭرىنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىش ھەقىقە-

---

① «ئىسلام روھى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

تەن شەرەپ. تەڭرى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىگە ئۆز خىسلىتىدىكى سەۋر بىلەن رەھمەت قىلغان. تەڭرى ئۆز قۇدرەت كامالى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن سەۋرنىڭ خىسلەت ۋە ھېكمىتى ھەربىر قەدەم ۋە ھەربىر نەپەسدە رول ئويناپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسانغا سەۋرى - چىدام نېسىپ قىلىنمىغان بولسا، ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ھەرخىل كۆلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرەلمىگەن، ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم يېتىمنىڭ ئەلەملىرىگە تاقەت قىلالمىغان ۋە ھەتتا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلغان بولاتتى.

ئىنسان پەقەت روھىغا مۇجەسسەم قىلىنغان سەۋرنىڭ خاسىيىتى بىلەن يوقىرىقىدەك ئازابلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكە ئىگە بولالايدۇ ۋە ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق بىلەن ھايات يولىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. سەۋرسىز ئادەملەر تەڭرىنىڭ بۇ رەھمىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ھايات يولىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە قانائەتلىنەرلىك ياشاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارغا «سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار»[1] دەپ دەۋەت قىلىنىدۇ. يەنە مۇنداق دەۋەت قىلىدۇ: «سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ»[2]. تەڭرى يەنە بەندىلەرنى ئۆزى ۋە باشقىلارنى سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ: «ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر - بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر»[3]. بۇ ئايەتتە ئىمانغا تەۋسىيە قىلىش، ياخشى ئەمەلگە تەۋسىيە قىلىش بىلەن ھەقنى تەۋسىيە قىلىش ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشنى بىر قاتاردا دەۋەت قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ سەۋرى ھەققىدىكى تەكىت ئەخلاقىي تەلەپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە - ئىخلاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم تەۋسىيە ھېسابلىنىدۇ. دېمەككى، تەڭرى سەۋرى قىلغۇچىلارغا كاتتا ئەجىر بېرىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە بەردى، سەۋرسىزلىك قىلغانلارغا ئۆز رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتىدۇ. تەڭرىنىڭ ۋەدىسىدە سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى ھەددى - ھېسابسىزدۇر، يەنى سەۋرى قىلغۇچىلار، بۇ ئالەمدىمۇ ھەددى - ھېسابسىز ئىنئامغا ئېرىشەلەيدۇ، ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق. نەقىل قىلىنىشىچە، ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا تەڭرى تائالادىن «ئەي داۋۇت، سەن تىرىشىپ مېنىڭ خۇيۇم بىلەن ئۆز ئەھۋالىڭغا زىننەت بەرگىن. مېنىڭ ئوبدان ۋە ئۇلۇغ سۈپەتلىرىمنىڭ بىرى شۈكى، مەن تولىمۇ سەۋرچانمەن»[4] دېگەن نىدا كەلگەن.

سەۋرنىڭ ئىسلامدىكى يەنە بىر ھېكمىتى «سەۋرى» تەڭرىنىڭ مۆمىنلەرگە بېرىلگەن بىر سىناق تېشى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. «بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھاتقا) ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن سىنايمىز»[5] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا

---

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەرە 153 - ئايەت

② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە نەھىل 127 - ئايەت

③ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئەسىر 2 - 3 - ئايەت

④ مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى: «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن»دىن.

⑤ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە مۇھەممەد 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋرى قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگەن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز). چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»، دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»[1]. يۇقىرىقى دەۋەتنىڭ روھى شۇكى، ھەرقانداق بىر مۆمىن يۇقىرىقىدەك جۇدالىققا دۇچ كەلگەن چاغدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماستىن، ئۆزىگە تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ تەسەللى بېرىپ سەۋرى قىلىشنى ئادەت قىلىۋېلىشى كېرەك. چۈنكى، تەڭرىدىن كەلگەن مۇسىبەتكە، ئاللىبۇرۇن تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن كېلىپ بولغان ھەرخىل ئاپەتلەرگە بەندىنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوق، ئۇنى توسۇپ قېلىشمۇ ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاللىبۇرۇن بولۇپ بولغان ئىشلار ئۈچۈن ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇرۇش ئادەمگە تېخىمۇ ئېغىر كۈلپەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئادەم ھەرقانداق بىر جۇدالىققا يولۇققاندا ئۆزىگە تەسەللى بېرىشى، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىزغۇ، بۇ دۇنيادا كىم تىرىك قالغان، دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەڭرىنىڭ رەھمىتىنى كۈتۈش كېرەك. پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم مەن پۇل ئۈستىگە تۇغۇلغانمىدىم، تەڭرى ئۆزى بەرگەننى يەنە ئۆزى ئېلىپ كەتتى، تېنىم ساق بولسىلا، تەڭرىنىڭ مەدىتى بىلەن يەنىلا پۇل تاپارمەن، دېسە نۇرغۇن روھىي ئازابلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ ۋە تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، ئۆزىنى كاچاتلىسا، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا، ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىپلا قالماي، تەڭرىنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەم مۇھىم تەۋسىيەلىرى بار. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ زور مۇكاپات ئەڭ زور سىناق بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھتائالا بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە ئۇلارنى سىنايدۇ، رازى بولغانلاردىن رازى بولىدۇ، سىناقتىن غەزەپلەنگەنلەردىن غەزەپلىنىدۇ»[2]. يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭغا سالام ئېيتقىن. ئۇنىڭغا دە، ئاللاھ ئالغان نەرسە، بەرگەن نەرسە ھەممىسى ئاللاھنىڭ. ھەممە نەرسە ۋاقىتلىق، سەۋر قىلسۇن، ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن»[3]. يەنە مۇنداق دېگەن: «مۆمىننىڭ ئىشى ئاجايىپ قىزىق، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشى ياخشىلىق، بۇ مۆمىندىن باشقا ھېچكىمگە يوق. ئۇنىڭغا خۇشاللىق يەتسە تەشەككۈر ئېيتىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولىدۇ، مۇسىبەت يەتسىمۇ سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق»[4]. يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن مۇبادا بەندەمنى ئىككى كۆزىدىن ئايرىۋېتىپ سىنىسام، ئاندىن ئۇ بۇنىڭغا سەۋر قىلسا، بۇ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن»[5]. بەزى كىشىلەر كېسەللىك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئازابقا قالسا، سەۋرسىزلىك بالاسىدىن ئۆلۈمنى تىلەيدۇ. ئىسلام دىنىدا ھەرخىل ئازابلارغا سەۋرسىزلىك قىلىپ، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش گۇناھ دەپ قارىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆزىگە يەتكەن يامانلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى ئۈمىد قىلمىسۇن،

---

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەرە 155 ـ، 156 ـ، 157 ـ ئايەت.

② تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

③ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

④ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

⑤ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئەگەر ئۇنداق قىلىشتىن باشقا چارە بولمىسا، ئۇ ئادەم: ئى ئاللاھ مېنىڭ ھايات قېلىشىم ماڭا ياخشى بولسا مېنى ھايات قالدۇرغىن، ئەگەر ماڭا ئۆلۈم ياخشى بولسا مېنى ۋاپات تاپتۇرغىن، دېسۇن»① . تەڭرى مۆمىنلەرنىڭ تارتقان ئەزىيىتى ئۈچۈن ساۋاب بېرىشنى، گۇناھىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى (چوڭ گۇناھلىرىدىن باشقا گۇناھلىرىنى) ۋەدە قىلغان. بۇ خۇسۇستا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارغا ئېغىرچىلىق - كېسەل ياكى غەم - قايغۇ ياكى ئەزىيەت، ھەتتا ھەسرەت ياكى سانجىلغان تىكەنگە قەدەر ئازار يېتىپ قالسا، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تەڭرى ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ»② ، چۈنكى بۇنداق چاغدا ئۇ بەندە تەڭرىنى ئەسلەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ئىمان بولمىسا، ئۇنىڭ جاپا تارتقىنى بىلەنمۇ گۇناھى ئۆچۈرۈلمەيدۇ.

شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ھايات ھەممىدىن قىممەتلىك، ھاياتلا بولسا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن توۋا قىلىپ تەڭرىنىڭ مەغپىرىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. كىشىلىك ھاياتتا ئىنسان ھەرخىل جاپا - مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق چاغدا سەۋرى قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىشى، ھەرگىزمۇ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ سەۋرنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا ھەرئىككى دۇنيادا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

سەۋر توغرىسىدىكى ھېكمەت «مۇددەسسىر» سۈرىسىدە ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ نادان قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىلىش مەزمۇنىدا تەكىتلەنگەن. تەڭرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل»③ . تارىختا تەڭرى ئەۋەتكەن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەر بولسۇن، ھەقىقەتكە، ئادالەتكە، توغرا يولغا دەۋەت قىلغۇچى باشقا دانىشمەن - ئاقىللار بولسۇن، ئۇلار ئۆز قەۋمىنىڭ نادانلىقى ۋە جاھىللىقى تۈپەيلى ناھايىتى كۆپ جاپالارنى تارتقان، بىراق ئۇلار تەڭرىنىڭ ئەمرى ۋە رازىلىقى ئۈچۈن يەنىلا سەۋر قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ ئۇ ھەقنى چۈشەنمىگەن، ھەقنى ئېتىراپ قىلمىغان نادان جاھىللارنىڭ ئىنكار قىلىشىغا، بوھتان ۋە تۆھمەتلىرىگە ئۇچرىغان. ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە ئوخشاش كىشىلەر ھەق كالامىنى ۋە ھەق دەۋەتلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە مەسخىرە قىلغان. «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى بەندىنىڭ سۆزى، دەپ بوھتان چاپلىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلىشىغا، ھاقارەتلىشىگە چىدىمىغان ۋە بەك ئازابلانغان. بۇ ۋاقىتتا تەڭرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدە سەۋرنىڭ قۇدرىتىنى زىيادە قىلغان، تەڭرى مۇنداق دېگەن: «مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت»④ . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ «ھەربىر مۇشكۈللۈكتىن كېيىن بىر ئاسانلىق بار»⑤ لىقىغا ئىشىنەتتى. تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار ئىدى. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن مۆمىنلەرگە سەۋرى بىلەن ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولىدۇ.

---

① بىرلىكە كەلگەن ھەدىس
② بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
③ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «مۇددەسسىر» 7 - ئايەت.
④ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «مۇددەسسىر» 11 - ئايەت.
⑤ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «شۇئەرا» 5 - ئايەت.

ھېكايە قىلىپتۇرلەركى، بىر ئەدەپسىز مەست پاك قەلبلىك، ئەقىللىق، تەربىيە كۆرگەن بىر كىشىنىڭ ياقىسىدىن سىقىپ بىر كاچات ئۇرۇپتۇ. پاك، ياخشى تەبىئەتلىك بۇ كىشى ئۇ قارا كۆڭۈل مەستىنىڭ ئەلىمىنى ئىچىدە بىلىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىك بىلەن قىلغان سەت قىلىقىدىن غەزەپلەنمەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قايتۇرما زەربىمۇ بەرمەپتۇ. بىر كىشى ئۇنىڭغا:

— سەن ئەركەك ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ھەددىدىن ئاشقان بىلىمسىز ئەبلەخنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە چىداپ تۇرۇش ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، — دەپتۇ.

ئۇ پاك ئالىيجاناب زات مۇنداق دەپتۇ:

— قايتا ئۇنداق گەپ قىلما، كالىلىسىدا شىر بىلەن ئېلىشىش پىلانىنى قۇرغان بىلىمسىز ۋە تەبىئەتسىز مەستلا كىشىلەرنىڭ ياقىسىنى يىرتىدۇ. كالىلىسى جايىدا كىشىگە بولسا ئۇنداق بىلىمسىز مەستىنىڭ ياقىسىغا قول تەگكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تېگىشمۇ ياراشمايدۇ. كەسىپ ۋە ئىلىم ئەھلى بولغان ئالىي روھلۇق كىشىلەر شۇنداق ياشايدۇكى، بىرسىدىن ئەزىيەت كۆرسىمۇ، ئۇنىڭغا ئالىيجانابلىق بىلەن، شەپقەت ۋە ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ①.

يۇقىرىقى ھېكايىدىكى روھ تۆۋەندىكى ھەدىسنى مەنۋى مەنبە ۋە روھىي ئوزۇق قىلغان: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەپ: «قەۋمى ئۇنى ئۇرۇپ باش - كۆزىنى يېرىۋەتتى. ئۇ يۈزىدىكى قاننى سۈرتىۋېتىپ: ئى ئاللاھ، قەۋمىمنى كەچۈرگىن. ئۇلار بىلمەيدۇ دېدى»② . شۇنداق، بۇنداق چاغدا ئەقىللىق ۋە سەۋرلىك ئادەم ئۇنداق كالىلىسىدىن كەتكەن، نادانلىقتا ئۆزىنى ئۇنۇتقان، ھەقىقەتتىن چەتنەشكەن كىشىلەر بىلەن تەڭ بولىمەن دەپ ئۆزىنى خارلىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا تەخرىدىن ئىنساپ، رەھمەت ئاتا قىلىشنى، ئۇنىڭغا ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىم بېرىشنى كۈتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەق يولغا كىرىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ.

بۇ خۇسۇستا يەنە بىر ھېكايەت:

جالىنۇس③ بىر ئەخمەقنىڭ بىر ئالىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، بىھۆرمەتلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، دېدى: «ئەگەر بۇ كىشى ھەقىقىي دانا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ نادان بىلەن بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارماس ئىدى!»④.

يەنە بىر ئىبرەتلىك ھېكايەت:

قىردا ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ پۇتىنى ئىت چىشلىۋالدى، شۇنداق قاتتىق چىشلىدىكى، ئىتنىڭ چىشلىرىدىن قان تامچىلىدى، بىچارە ئادەم پۇتىنىڭ ئاغرىقىدىن ياتالماي قالغانىدى، كىچىك قىزى دادىسىغا چاقچاق قىلىپ:

— دادا سىزنىڭ چىشىڭىز يوقمىدى، سىزمۇ ئۇنىڭ پۇتىنى چىشلىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى.

دادىسى پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي يىغلاپ تۇرۇپ دېدىكى:

---

① شەيخ سەئدى «بوستان» دىن ئېلىندى.

② بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

③ جالىنۇس — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى (130 ـ 230) قەدىمكى رىمدا ئۆتكەن مەشھۇر تەبىئەتشۇناس، دانىشمەن، پەيلاسوپ.

④ سەئدى «گۈلىستان» دىن ئېلىندى.

— بالام، توغرا، مېنىڭمۇ چىشلىرىم بار ۋە ئىتنىڭ پۇتلىرىنى چىشلەشكىمۇ كۈچۈم يېتىدۇ، بىراق چىشلىرىمنىڭ ئىتقا تېگىشىگە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. كاللامنى قىلىچ بىلەن چاپسىمۇ ئىتنىڭ پۇتىغا چىشىمنى تەگكۈزمەيمەن.[1] .

مانا بۇ ئالىيجاناب ئەخلاق، مانا بۇ سەۋرنىڭ خاسىيىتى. تەڭرى مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكتىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن، ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار)، ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ.»[2] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنى پاك تۇتسا، تەڭرى ئۇنى پاك قىلىدۇ، كىمكى سەۋر قىلسا، ئۇنىڭغا سەۋر ئاتا قىلىدۇ».

يۇقىرىقىدەك تەۋسىيە ۋە دەۋەتلەر كىشىلەردە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولغان.

سەۋرنىڭ يەنە بىر مەنىسىدە تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە چىداش دەۋەت قىلىنغان. تەڭرى مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن تەڭرىدىن قورقۇڭلار»[3] .

يۇقىرىقى ئايەتتە دەۋەت قىلىنىۋاتقان مەزمۇننىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇ كەڭ مەنىدە، پۈتۈن ھايات داۋامىدا تەڭرى بۇيرۇغان بارلىق ئەمىر - پەرمانلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا چىداملىق بولۇش دەۋەت قىلىنسا؛ تار مەنىدە، ناماز، روزا ۋە جىھاد جەريانىدا ئۇچرايدىغان مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا قارىتىلىدۇ. ھەقىقەتنى ئېيتقاندا، تەڭرى كۆرسەتكەن بەش پەرزنى بىر كۈن، بىر ئاي ياكى بىر يىل تەئدىل ئەركان بىلەن تولۇق، نۇقسانسىز ئورۇنداش تەس ئەمەس، بىراق ئۇنى پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئىزچىل ئۈزلۈكسىز ئورۇنداش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. بەش ۋاخ نامازنىڭ پۈتۈن سۈننىتى ۋە پەرزلىرى، ھەر يىللىق روزىنىڭ مۇشەققەتلىرى، ھەج قىلىش ئۈچۈن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يولنى بېسىپ مەككە - مەدىنىنى تاۋاپ قىلىش، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمى، تەڭرى يولىدا جىھاد قىلىش، بارلىق جەۋر - جاپالارغا بەرداشلىق بېرىش ھەقىقەتەن سەۋرلىك كىشىلەرلا ئورۇندىيالايدىغان شان - شەرەپتۇر. مۇستەھكەم ئىرادىگە، چىن ئەقىدىگە ئىگە مۆمىنلەرلا تەڭرى بۇيرۇغاندەك سەۋرلىك بولالايدۇ. تەڭرى شۇڭا بەش پەرزدە كامىللارنىڭ دەرىجىسىنى ھەممىدىن يۇقىرى قىلىدۇ: «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ، ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر»[4] .

---

① شەيخ سەئدى «بوستان» دىن ئېلىندى.
② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «رەئد» 22 - ئايەت.
③ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «ئال ئىمران» 200 - ئايەت.
④ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «ئەنفال» 20 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com



سەۋرنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى ئۇ كىشىلەرنى تەمكىن، ئېغىر - بېسىق قىلىدۇ، شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، غەزەپنى تەرك ئېتىپ، ئەپۇنى دوست تۇتۇشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلىقنىڭ ھەقىقىي نوچىلىقى سەۋرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارىغان: «ھەقىقىي باتۇرلۇق چېلىشىش بىلەن ئەمەس، پەقەت غەزەپ كەلگەن چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بىلەن بولىدۇ»[1]. ھەقىقەتەن، غەزەپ ئادەمنى ئەقلىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. غەزەپى كەلگەندە ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ گۇناھلىق ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. تارىختا ۋە رېئال تۇرمۇشتا غەزەپنى بېسىۋالالمىغانلىق سەۋەبىلىك ئۇچرىغان مەھرۇملۇقلار ناھايىتى كۆپ. شۇڭا ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلار بۇ خۇسۇستا نۇرغۇن قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. «ئېغىر بېسىقلىق ھەممە خۇيلار تائامىنىڭ تۇزىدۇر. ئەگەر بىراۋ ئۆز دىمەتلىكلەردىن ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە شۇنداق ياخشى ۋە كۆپ پەزىلەت ھەم ھۈنەرلەرنى پەيدا قىلغان، شۇنداقلا بارلىق زامان ئەھلى ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلغۇدەك دەرىجىدە ياخشى خۇيلارنى جەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زاتىدا يەڭگىللىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ھەمرا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممە ھۈنەرلىرى خۇددى تۇزسىز تائامغا ئوخشاش بىمەنە بولۇپ، خالايىقنىڭ تەبىئىتىگە ياقمايدۇ - دە، ھېچكىم ئۇنىڭغا رىغبەت قىلمايدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر»[2]. دېمەك، غەزەپ ۋە ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ ئىشى، ياۋاشلىق ۋە تەمكىنلىك تەڭرىنىڭ سۈپىتىدۇر. شۇڭا «ھەرقانداق كىشى ئىشنىڭ بىناسىنى سەۋر ۋە چىدام ئۈستىگە قويمىسا، مۇھىم ئىشلىرىنىڭ داۋامىنى ئېغىرلىق ۋە ياۋاشلىق بىلەن مۇستەھكەملىمىسە، قىلغان ئىشىنىڭ ئاخىرى مالامەتكە بېرىپ توختايدۇ. ئەھۋالىنىڭ ئاقىۋىتىدە ھەسرەت - نادامەتنى تارتىدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشىراق سۈپەت ئاللاھتائالا ئادەمنى ياراتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن زىننەت بەرگەن ۋە پۈتۈن ئالەم ئەھلىگە ئۇنىڭ بەركىتىدىن شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق بەرگەن سۈپەت ــ ئېغىرلىق ۋە ياۋاشلىقتۇر»[3]. شۇڭا نەسىھەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى سەۋر قىل، غەزەپلەنمە، دېگەن كەلىمىدىن ئىبارەت. «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹ماڭا نەسىھەت قىلسىلا› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹غەزەپلەنمە› دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم بۇ تەلەپنى يەنە بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا: ‹غەزەپلەنمە› دېدى»[4]. يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمگە مۇلايىملىقتىن نېسىۋە بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ياخشىلىقتىن نېسىۋە ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنغان بولسا، ياخشىلىقتىن ھەم مەھرۇم بولغان بولىدۇ. قىيامەت كۈنى مۆمىن بەندىنىڭ تارازىسىنى ئېغىر قىلىدىغان نەرسە ياخشى ئەخلاقتۇر. ئاللاھتائالا يامان سۆزلۈك ۋە يامان پېئىللىق كىشىگە ئەلۋەتتە غەزەپ قىلىدۇ.»[5]. بۇخارى يەنە مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

---

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
② «كەلىلە ۋە دىمنە» 553 ـ بەت
③ «كەلىلە ـ دىمنە» 553 ـ بەت
④ بۇخارى رىۋايەت قىلغان
⑤ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

«بىر كىشى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بىلەن يەنە بىر قۇلى قالدى. ئۇ ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا ئوغلىنى قۇلىغا ۋەسىيەت قىلىپ تاپشۇرۇپ كەتتى. بالا چوڭ بولۇپ، قۇلى ئۇنى ئۆيلەندۈردى ۋە خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى توغرا ۋە تولۇق ئىجرا قىلىپ تۇردى. لېكىن، بالا مەن ئىلىم تەھسىل قىلغىلى بارىمەن، سەپەر ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەر، دەپ قۇلىغا بۇيرۇدى. قول يول خىراجەتلىرى ۋە لازىملىق ئوزۇقلارنى تەييارلاپ، بالىنى يولغا سالدى. بالا بىر ئالىم كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىلىم تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ: «خوپ، لېكىن ھازىر ئەمەس، قاچان ئۆز يۇرتۇڭغا قايتىدىغان بولغىنىڭدا قېشىمغا كەلسەڭ شۇ چاغدا ساڭا ئىلىم ئۆگىتىپ قوياي»، دەپ ۋەدە بەردى. كېيىن بالا يولغا چىقماقچى بولۇپ، ئالىمنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلەتتى. شۇندا ئالىم ئۇنىڭغا «تەڭرىدىن قورق، سەۋرلىك، چىدامىلىق بول، ئىش قىلغاندا ئالدىراقسانلىق قىلما! مانا يۇقىرىقى ئىلىم ساڭا كۇپايە»، دەپ بالىنى ئاقىۋول تىلەپ دۇئا قىلىپ يولغا سالدى. بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىۋاتقان ھەسەن: «مانا يۇقىرىقى ئۈچ سۆز پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»، دېدى. بالا دامۇللامدىن ئالغان ئۈچ ئېغىز ئىلمىنى تەكرارلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. مىنگەن ئۇلىغىدىن چۈشۈپ خانىسىگە كىرسە، خوتۇنى ئۇخلاپ يېتىپتۇ، چەتراقتا يەنە بىر ئەركىشىنىڭمۇ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. كۆڭلىدىن يامان خىيالار ئۆتۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، بۇنىڭغا قانداق چىداش مۇمكىن دەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچىنى ئېلىپ كەلمەكچى بولدى. لېكىن دامۇللام ئۆگەتكەن ئۈچ سۆز يادىغا كەلدى ـ دە، ئۆزىنى توختاتتى. يەنە ئۇ كىشىنىڭ بېشىغا بېرىپ قاراپلا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئالدىنىقىدىنمۇ بەتتەر جەھلى قاتتى. قىلىچىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقاندا ئۇ كىشى ئويغىنىپ قالدى ـ دە، يىگىتنى كۆرۈش بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى. ئاندىن: «مېنىڭ ھوزۇرۇمدىن قايتقاندىن كېيىن، نېمىلەرنى بىلىپ كەلدىڭ؟»، دەپ سورىدى. يىگىت: «ئۇ يەردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ كەلدىم. ئۆگەنگەن ئىلمىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن سىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇستىڭىزگە ئۈچ قېتىم كەلدىم، ئەمما ئاخىر ئۇ ئىلىم سىزنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى»، دېدى ـ دە، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى»[1]. يۇقىرىقى رىۋايەتتە بايان قىلىنغان ئىلىم ھەربىر كىشى ئۈچۈن ياخشى نەسىھەت بولالايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى غەزەپلىك ھالەتتە ئىمان چىقىپ كېتىدۇ، ھەقىقىي مۆمىن غەزەپلىك ھالەتتە بىر ئىشقا قول سالمايدۇ. ئادەمنى كوزا دېسە، غەزەپ بىر تاش. كوزىدا تاش بولسا بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۇنى سۇندۇرىدۇ، كوزا سۇنغاندىن كېيىن، ھەرگىز پۈتۈن بولمايدۇ.

سەۋرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ھېكمىتى شۇكى، ئۇ كىشىلەرنى نەپس خاھىشىغا ئەگىشىشتىن توسىدۇ. ئادەم خېلى ـ خېلى مۇشكۇللۇكلەرنىڭ ئۇستىدىن غالىب كېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئەڭ مۇشكۇلى نەپسي شەيتاننىڭ ئۇستىدىن غالىب كېلىش. تەڭرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بەرمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ۋەھيي قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپس خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[2]. تەڭرى نەپس خاھىشىغا

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان «مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

[2] «قۇرئان كەرىم»، سۈرە قەسەس 50 ـ ئايەت

بۇيۇنغان، نەپسى ئۇچۇن ھەق يولدىن ئازغان كىشىلەرنى زالىم دەپ قاراۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا نەپسى ئۈستىدىن غالىب كەلگۈدەك سەۋر يوق، شۇڭا ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق يامان گۇناھلىق ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ماھىيەتلىك بىر سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنسان نەپسىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشى. تەڭرى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: «ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار. چۈنكى، شەيتان سىلەر ئۈچۈن دۈشمەندۇر. شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغاندىن (ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ، ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ) سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ»[1]. نەپسىگە قۇل بولغان ئادەم ۋىجدانىنى، ئىمانىنى ۋە ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ. ئۇنداق ئادەمدە ھايا - نومۇس دېگەن نەرسە بولمايدۇ. نەپس بىلەن ئىبلىس بىر تۇغقاندۇر. نى - نى باھادىر ئوغلانلارنى نابۇت قىلغانمۇ ئەنە شۇ نەپس، ھەممە بالالارغا مۇپتىلا قىلىدىغانمۇ ئاشۇ نەپس، ئاگاھ بولغىنكى، نەپسنى تويغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. قانائەتتىن مەھرۇم بولغان نەپس جەھەننەمگە ئوخشايدىكەن، جەھەننەمگە شۇ قەدەر كۆپ نەرسە كىرسىمۇ يەنىلا «يەنە يوقمۇ» دەپ ۋارقىرايدىكەن. نەپس ئۈستىدىن غالىب كېلەلىگەن ئادەم پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۈستىدىنمۇ غالىب كېلەلەيدۇ، بۇنداق كامالەت تەڭرى كۆرسەتكەن سەۋەب ئارقىلىقلا ئورۇندىلىدۇ.

سەۋرنىڭ يەنە بىر مەنىسىدە ئىرادە كۈچىگە ئىشارە قىلىنىدۇ. «ئەھقاف» سۈرىسىنىڭ 35 - ئايىتىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە ئىرادىلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىپ: «(ئى مۇھەممەد) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن». بۇنىڭدىن قارىغاندا ھەقىقىي ئىرادىلىك ئادەملەرلا سەۋرلىك بولىدۇ، ئىرادىسىز، غەيرەتسىز ئادەملەرنىڭ سەۋر قاچىسى ئوڭايلا يېرىلىپ كېتىدۇ - دە، ئۇلار كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. «ھەركىم زامان ھادىسىلىرى ئوق ياغدۇرغاندا سەۋر ئولجىسىنى يۈزىگە تۇتسا، ئەلۋەتتە ئۈمىد ئوقى مۇراد نىشانىسىغا تېگىدۇ ۋە ئۇ بالالاردىن ھېچ زەرەر يەتمەيدۇ. سەۋر شادىمانلىق ئاچقۇچىدۇر. راھەت ئىشىكى ئۇ ئاچقۇچتىن ئۆزگە ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلمايدۇ»[2].

سەۋر — كىشىلەرنىڭ مەردۇ مەردانىلىقىنى، ئىرادىسىنى، مەيدانىنى، ئەقىدىسىنىڭ چىڭ ياكى زەئىپلىكىنى سىنايدىغان مۇھىم بىر سىناق. ھەرقانداق ئادەمدە سەۋر، چىدام - غەيرەت بولىدىكەن ئۆزى ماڭغان ھەق يولدىن قەتئىي قايتمايدۇ، ھەرقانداق قىيىن توساقلارمۇ بۇ يولدىن توسيالمايدۇ، ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايدۇ، ئۈمىد شامىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ھەققانىيەت يولىدىن چىدامسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، ئىرادىسىزلىك بىلەن يالتايغان ئادەمنى، سەۋرسىز ئادەم دەيمىز. سەۋردىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي مۆمىن ئۆزى قەدەم قويغان ھەق يولدا سەۋرنى ئۆزىگە ئوزۇق، ئۈمىدنى ئۆزىگە قانات قىلىدۇ. ئاخىرقى نەپەسكىچە تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. ئۈمىدسىزلىك تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمانلىنىش، ئىشەنچىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ، تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلىنىش ئەڭ چوڭ گۇناھ. شەيخ سەئدى «بوستان» ناملىق ئەسىرىدە سەۋر ۋە ئۈمىد ھەققىدە مۇنداق ئەھمىيەتلىك بىر ھېكايەتنى مىسال كەلتۈرگەن:

---

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەرە 168 - 169 - ئايەت

② ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى 26 - بەت

«بىر سەھەر بىر بوۋاي تىلەمچىلىك قىلىپ بىر مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپتۇ. مەسچىتتىكىلەردىن بىرى:

— ئاتا، بۇ يەر كىشىلەرنىڭ ئۆيى ئەمەس، بۇ يەردە تۇرماڭ — دەپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا بۇ كىمنىڭ ئۆيى ۋە نېمە قىلىدىغان ئۆي؟ ئىشىكىگە كېلىپ تىلىگەنلەرگە بىرنەرسە بەرمەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولدى، بەس! خاتا گەپ قىلدىڭىز. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ھەممىمىزنىڭ ئىگىمىز ۋە پەرۋەردىگارىمىزدۇر — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بوۋاي مېھراپقا ۋە ئاسما چىراغلارغا قاراپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ يەردىن كېتىپ تىلىكىمگە ئېرىشەلمىسەم ماڭا ئۇۋال بولىدۇ. بۇگۈنگىچە ھېچ يەردىن قۇرۇق قول قايتمىدىم. جانابىي ھەقنىڭ ئىشىكىدىن قانداقمۇ قۇرۇق قايتىمەن؟ بۇ يەردىن قۇرۇق قول قايتمايدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، ئۆتۈنۈش قولۇمنى بۇ يەردىن ئاچىمەن ۋە تەلەپ قولۇمنى بۇ يەردە ئۇزىتىمەن.

بۇ بوۋاي بۇ مەسچىتتە بىر يىلچە تۇرۇپ، ھەمىشە قولىنى كۆتۈرۈپ تەڭرىگە مۇناجات قىپتۇ.

بىر كېچىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېتىپ، ئاجىزلىقتىن يۈرىكى سىيلىشقا باشلاپتۇ. سەھەردە بىرەيلەن شام يېقىپ ئۇنىڭ بېشىغا بېرىپ قارىسا، كېچىچە يېنىپ تاڭغا يېقىن تۈگەي دەپ قالغان شامدەك تىنىقى تۇمشۇقىدىلا قاپتۇ. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ بوۋاينىڭ لەۋلىرىدىن: «سېخىي تەڭرىنىڭ ئىشىكىنى كىم قاقسا ئېچىلىدۇ» دېگەن سۆز چۇشمەپتۇ»①.

مانا بۇ، ئىشەنچ ـ ئۈمىد ئاتا قىلغان سەۋرنىڭ شان ـ شەرىپى. سەۋرنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ ھېكمىتى، ئۇ كىشىلەرنى ھەقىقەت تەرەپتە تۇرۇشقا، ھەقىقەتتىن قەتئىي ئاغماسلىققا چاقىرىدۇ. تەڭرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ سەۋر ـ تاقەتلىرى ئۈچۈن تەڭرى ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ»②. يۇقىرىقى ئايەتتە نەزەردە تۇتۇلىۋاتقان سەۋر، ھەقىقەت يولىدا تارتقان خاپىلىقلارغا سەۋر قىلىپ، ھەقىقەت يولىدىن، يالتايماسلىققا ئىشارە قىلىنغان. تەڭرى ۋەدە بېرىدۇكى، ئۇ ھەرقاچان سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن، يەنى ھەقتە چىڭ تۇرغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. تەڭرى ھەقنى قوللايدۇ. ھەقىقەت ھامان غالىب، جاھالەت ھامان مەغلۇپتۇر. چۈنكى، نۇر ھەرقاچان زۇلمەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەۋر نۇردۇر». ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش دىنىي تۇرمۇشتا بولسۇن ياكى دىندىن خالىي تۇرمۇشتا بولسۇن، ئىنسان قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان، ئۇنىڭ ئەخلاق دەرىجىسىنى سىنايدىغان مۇھىم بىر سىناق. ئىسلام ئەقىدىسىدە بولسا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان ئادەم تەڭرىنىڭ يولىنى تۇتقان بولىدۇ، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەقىقەتكە ئاسىيلىق قىلغان ئادەم تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. تەڭرى ئاسىيلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. دىندىن خالىي تۇرمۇشتا بولسا ھەقىقەتكە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ھەققە ئېرىشىش ئىنسانلارنىڭ غايىسى، غايىدىن چەت-

① شەيخ سەئدى: «بوستان» 157 ـ بەت.

②«قۇرئان كەرىم»، سۈرە «ئىنسان» 12 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com



ـەشكەن ئادەم پاسىق سۈڭگەكتىنلا ئىبارەت. تەڭرى ھەقتە چىلىڭ تۇرغان، ئىرادىلىك قەۋمگە
كاتتا ئەجىر ۋە كاتتا ھوقۇق بېرىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە بەرگەن. ئاللاھتائالا بەنى ئىسرائىلدىن
نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، «ئۇلار (كۇلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە
جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا
يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق»①.

ئۇيغۇرلاردا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. بۇ ھېكمەت
ھەرگىزمۇ ئۇۋزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش، دەپ ھەرقانداق ئىشقا سەۋر قىلىپ، ئوڭدا يېتىشنى
ئەمەس، بەلكى ئىسلامدىكى سەۋرنىڭ مەنىسى، ئۈمىدۋارلىق، ئىشەنچ ۋە چىدام بىلەن
تەڭرىنىڭ رەھمەت دېرىزىسىنى ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى خۇلاسىلەپ بەرگەن.

ئىسلام دىنىدىكى «سەۋر» چۈشەنچىسى يۇقىرىقىدەك ناھايىتى كۆپ خىل مەنە ۋە مەزمۇن-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر زامان رول ئويناپ تۇرىدۇ.
«سەۋر» دىنىي تۇرمۇش ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى جارى قىلىپ قالماستىن، بەلكى
دىندىن خالىي تۇرمۇشتىمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنى شۇنداق چۈشەندۇ-
رۇشكە بولىدۇكى، تەڭرى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە، ھەتتا بارلىق مەخلۇقلارغىمۇ ئۆزىگە
يارىشا سەۋر بەرگەن. بىراق پەرق شۇ يەردىكى، بەزىلەرنىڭ سەۋر كۈچى يۇقىرى، بەزىلەرنىڭ
سەۋر كۈچى تۆۋەنرەك بولۇشى مۇمكىن. سەۋرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش،
سەۋرلىك دىندىن خالىي ئادەملەرمۇ بار. بۇلارنىڭ بىر پەرقى شۇكى، بىرى، تەڭرىنىڭ
رازىلىقىنى ئېلىپ، تەڭرىنىڭ رەھمىتى ئۈچۈن سەۋر قىلىدۇ، يەنە بىرى، ئۆزىدىكى يارال-
مىش ئىنسانىي تەبىئەتكە ئاساسەن سەۋر قىلىدۇ. ئەمما بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى،
مۇئەييەن ئېتىقادقا ئاساسلانغان، مۇئەييەن ئېتىقادتىن روھىي ئوزۇق ئالغان «سەۋرنىڭ»
قۇۋۋىتى ئەقىدىدىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ روھىي قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ھەقتە
«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق يولىيورۇقلار بار: «تەڭرى چىدامىلىقلار بىلەن بىللىدۇر»②.

بىزنىڭ چۈشەنچىمىزچە، «سەۋر» دىن ئىبارەت بۇ دەۋەت ئىسلام دىنىدا ئەقىدە نۇقتىسى-
دىنمۇ، رېئال تۇرمۇشتا قوللىنىش نۇقتىسىدىنمۇ قىممىتى يۇقىرى بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچ-
كە، چىدام ـ غەيرەتكە ئىشتىراك قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدىغان خاسىيەت-
لىك ئىبارە ئىدى. بىراق ئۇنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن توغرا، ماھىيەتلىك چۈشەنچىگە ئىگە
قىلىنمىغانلىقى سەۋەبلىك ھۆكۈمران كۈچلەر ئۆز دەۋرىدە سەۋر ئىبارىسىنى كىشىلەرنى
تەييارغا ھەييار بولىدىغان، ئۇۋزمە پىش ئاغزىمغا چۈش دەيدىغان، زۇلۇمغىمۇ، ھاقارەتكىمۇ
سۈكۈت قىلىدىغان، «زالىم ئوڭ كاچىتىڭغا ئۇرسا، سول كاچىتىڭنى تۇتۇپ بەر» دېگەندەك
چۈشكۈن، زەئىپ ئىدېئولوگىيىنى سىڭدۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ياشاشقا بولغان ئىرادىسىنى
سۇندۇرغان، زالىم كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش روھىنى بوغقان.

گەرچە ئىسلام دىنى مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، ياخشىلىق قىلىش، ئەپۇ قىلىش قاتارلىق
يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولسىمۇ، لېكىن زۇلۇمغا نىسبەتەن
رەھىمسىز، شەپقەتسىز، قەتئىي بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇن-
داق دېگەن: «ئى خالايىق! دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلماڭلار ۋە تەڭرىدىن

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت.

② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئەنفال 63 ـ، 64 ـ، 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خاتىرجەملىك سوراڭلار. ئەگەر دۈشمەنلەرگە ئۇچراشساڭلار چىداملىق بولۇڭلار، بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر»[1].

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىنچلىقپەرۋەر ئىدى. ئىلاج قىلىپ ئۇرۇش - جېدەلدىن ساقلىنىشنى، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاشنى ئەلا بىلەتتى. ئەگەر مۇمكىن بولمىغاندا، يەنى دۈشمەن ئۆزلىرىگە چېقىلسا، ھەددىدىن ئېشىپ ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر قىلسا، چىداملىق بولۇشنى، ئۆزىنى پىدا قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئىسلام ئەقىدىسىدە غەيۋەت قىلىش ھارام. بىراق، زالىملارنىڭ ئۈستىدىن غەيۋەت قىلسا ئۇ ھالال، دەپ كۆرسەتكەن. ئىسلام ئەقىدىسىدە تەڭرىدىن يەتكەن ھەرقانداق ئېغىرچىلىقلارغا، مۇسىبەت ۋە مەھرۇملۇقلارغا سەۋر قىلىش، ئۆز قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش، تەڭرىنىڭ سىناقلىرىغا سەۋر قىلىش مۇھىم ئەقىدە سۈپىتىدە دەۋەت قىلىنسىمۇ، بىراق ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھاقارەتلىشىگىمۇ، ھەقىقەتنىڭ ھاقارەتلىنىشى، دەپسەندە قىلىنىشىغىمۇ، خورلۇق ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرگىمۇ ھەم سەۋر قىلىپ باش ئەگ دېگەن مەنىنى بەرمەيتتى. بىراق، ھۆكۈمران كۈچلەر ھەر ئىككىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ھەممىگە سەۋر قىلىش، ھەممىدە تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى تىلەش دەپ، كىشىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بوغۇپ، نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا زۇلۇمغا ئۇچرىشىغا سايە قىلدى.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ روھىدىن قارىغاندا تەڭرى زۇلۇمنى ياقتۇرمايدۇ، زۇلۇم قىلغۇچىنى گۇناھقا ھۆكۈم قىلىدۇ، يەنە زالىمدىن قىساس ئېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. شۇڭا ئىسلام ئەقىدىسىدە زۇلۇمغا سەۋر قىلىش يوق، زۇلۇمغا سەۋر قىلىش زۇلۇمنى قوللىغانلىق بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىدۇ. تەڭرىمۇ زالىمنى ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقى بىلەن ۋەدە بەرگەن: «زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائەتنى قوبۇل قىلىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ.»[2] دېمەك، زالىملار بىلەن بولغان كۈرەشتە تەڭرى تەرەپتە تۇرۇش، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەڭرى ئۆز ھېكمىتى بىلەن مۆمىنلەرگە قىساس ئېلىشنى يوللۇق ۋە ھەققانىيلىق سۈپىتىدە ھالال قىلىپ بەردى، شۇنداقلا قىساس ئالماي ئەپۇ قىلىۋەتسىمۇ بۇنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. بۇ نۇقتىدا شۇ ئىشنىڭ خاراكتېرىگە قاراش كېرەك، ئەلۋەتتە. قىساسنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەرگىزمۇ بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىپ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقا يول ئاچقانلىق ئەمەس، بەلكى بۇ ھۆكۈم ئارقىلىق ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ناھەق ھالدا باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توسۇش ئىدى. بۇ پىكرىمىزنى تۆۋەندىكى ئايەت ناھايىتى روشەن تەستىقلايدۇ: «ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ) . ناھەق قان تۆكۈشتىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)»[3] . ئەمما، تەڭرى قىساس

① «قۇرئان كەرىم»، بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە غافىر 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەرە 179 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com



ئېلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، كىم گۇناھكار بولسا شۇنىڭدىن قىساس ئېلىش، قانچىلىك زىيانكەشلىك قىلسا، شۇنچىلىك قىساس ئېلىشنى بەلگىلىدى. بۇنداق چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈننمۇ سەۋر كېرەك. سەۋرنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى شۇكى، ھايات مۇساپىسىدە ئۇچرىغان تۈرلۈك تۈمەن قىيىنچىلىقلارغا، مۇشكۈللۈكلەرگە سەۋر قىلىپ، توغرا، ھالال ئەجىر قىلسا، چوقۇمكى ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. ئەجىر - مېھنەتسىز، مۇشەققەتسىز ھېچقانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. تەڭرى شۇنداق دېگەن: «بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا - مۇشەققەتلىك ئىچىدە ياراتتۇق»①. ھايات مەئىشىتى مېھنەتسىز، مۇشەققەتسىز قولغا كەلمەيدۇ. مۇشەققەتكە، مېھنەتكە سەۋر قىلماسلىق، ئەجىرسىز، مېھنەتسىز غايىۋانە مەئىشەتنى، بەختنى كۈتۈش ئىسلام روھىغا خىلاپ. «سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»②. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدىن شۇنى ئۇقىمىزكى، تەڭرى سەۋر قىلىش بىلەن ئەمەل - تەجرىبىنى بىر - بىرىگە شەرت قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. يەنى سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرىنى ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك تېخىمۇ زىيادە بېرىمىز، دەپ ۋەدە قىلىۋاتىدۇ. بىز خىزمەتتە بولسۇن، ئوقۇشتا بولسۇن، تۇرمۇش تىرىكچىلىكىدە بولسۇن، سودا - تىجارەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى داۋامىدا بولسۇن، ھەرخىل جاپا - مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىمىز. بۇ جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەرمىسەك تەڭرى ۋەدە قىلغان مەئىشەتتىنمۇ، تەڭرى ۋەدە قىلغان ساۋابتىنمۇ بەھرىمەن بولۇشقا ھەققىمىز بولمايدۇ.

ئومۇمەن، سەۋرنىڭ ھېكمىتى ئىنتايىن چوڭ. ئۇ كىشىلەرنى تىرىشىپ ياشاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك كېسىلىگە شىپا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد - ھەسرەت، قايغۇ - ئەلەمنى يەڭگىللىتىدۇ، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدۇ، مەيدانىنى مۇستەھكەملەيدۇ. توغرا، ھەققانىي يولدا چىڭ - مۇستەھكەم تۇرۇشقا روھىنى قۇۋۋەتلەندۇرىدۇ. ھەرقانداق بالا - قازا ئالدىدا ئۈمىدۋارلىقنى يوقاتمايدىغان يېڭىلمەس روھىي بايلىققا ئىگە قىلىدۇ.

## ئىخلاس ۋە رىيا

غەرەزلىك ھالدا ياخشى ئەمەل قىلغۇچى پەزىلەتتىن مەھرۇمدۇر.

— كاشفى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەردە مۆمىنلەرگە قىلىنغان ئەڭ مۇھىم دەۋەتلەرنىڭ بىرى، ئەقىدە ھەقىقىي ئىخلاس ئاساسىدا بولۇش تەلەپىدۇر.

تەڭرى ئىنسانلارنى نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ئەقىدە - ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تەڭرى پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغانلىقى، ئۇ ئىنساننى بارلىق مەۋجۇدىيەتتىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە قىلغانلىقى، يەر يۈزىدىكى بارلىق مەئىشەت

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەلەد 4 - ئايەت.

② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە نەھىل 96 - ئايەت.

ۋە بارلىق بەھرىمەنلىك ھوقۇقىنى ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىغا (پايدىلىنىشىغا) تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى زېمىننىڭ خەلىپىلىكىدىن ئىبارەت بۈيۈك ئىمتىيازغا ئىگە قىلغانلىقى، بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى (شەيئىلەرنى) بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى، بۇ دۇنيادا تەڭرى ئاتا قىلغان رىزقتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى، ئۇ دۇنيادا ھەم تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەڭرى ئۆز رەھمىتى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرۈپ، ياخشى - يامانىنى تونۇتقانلىقى، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىق يولىغا يېتىشتە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراغ قىلىپ بەرگەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر. تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، قۇدرەت كامالىنى پۈتۈن ئورمانىنى قەلەم قىلىپ، دېڭىز سۈيىنى سىياھ قىلىپ يازسىمۇ تۈگىمەيدۇ. شۇڭا، مۆمىنلەر تەڭرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، تەڭرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولۇش، تەڭرىنىڭ دوست تۇتۇشىغا ئېرىشىش، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا بەھرىمەن قىلىشقا ئىرادە قىلغان چەكسىز رەھمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئەقىدە - ئىخلاس قىلىدۇ. شۇڭا، تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، تەڭرىگە ھەقىقىي ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەقىدە قىلىش، تەڭرى بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى بەجانىدىل ئورۇنداش، تەڭرى چەكلىگەن، ھارام قىلغان گۇناھلىق ئىشلارنى تەڭرىنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، تەڭرىدىن ھايا قىلىپ تەرك ئېتىش ھەقىقىي تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى.

تەڭرى يالغانچىلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ. شېرىك كەلتۈرۈشنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. ئىنسان مەيلى ئىبادەتتە بولسۇن ياكى باشقا ئىشلاردا بولسۇن، تەڭرىنىڭ جامالىنى ۋە رىزاسىنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا رىيانى ئارىلاشتۇرماسلىقى، خالىس تەڭرى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش، تەڭرى ئۈچۈن خالىس ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىخلاس ـــ ئىنساننى ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىگە كۆتۈرىدىغان روھىي ئۈستۈنلۈكلەردىن بىرى. ئىسلام دىنى ئىخلاسقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئىبادەت بىلەن بىر قاتاردا قويىدۇ. تەڭرى مۇنداق دېگەن: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى تەڭرىگە خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.»[1]. يەنە: «ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا تەڭرىگە ئىبادەت قىلغىن»[2]

«قۇرئان كەرىم» دە ئاغزىدا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە ۋە قەلبىدە ئىمان يوق كىشىلەرگە ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن: «ئىنسانلار، ‹ئىمان ئېيتتۇق›، دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلار-

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە زۇمەر 2 ـ ئايەت.

نىمۇ چوقۇم بىلىدۇ. يامان ئىش قىلغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلايدۇ، ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان. كىمكى تەڭرىگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر» ① .

روشەنكى، تەڭرى ئىخلاسمەنلەرنىمۇ ياخشى بىلىدۇ، يالغانچىلارنىمۇ ياخشى بىلىدۇ، تەڭرىنى ئالداش مۇمكىنمۇ؟ تەڭرىدىن ساختا ئىماننى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. تەڭرىنىڭ بۇنداق قۇدرەت كامالىنى چۈشەنمىگەن ئادەمدە ئىمان نېمە ئىش قىلسۇن! قەلبىدە ئىمان بولماي تۇرۇپ ئىماندا داۋا قىلىش نېمىدېگەن ئەخلاقسىزلىق، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى رەسۋا بولۇشتىن قورقمايدۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ھەممە كىشىدىن بۇرۇن سوراق قىلىنىدىغىنى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بولۇپ: بىرىنچى، ئاللاھ ئىلىم بەرگەن ئادەمدۇر. ئاللاھ ئۇنىڭدىن: ‹بىلگەن ئىلمىڭ بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟›، دەپ سورايدۇ. ئۇ بەندە جاۋاب بېرىپ: ‹ئى رەببىم! ئىلىمنى كېچە - كۈندۈزنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىدا ئەمەلگە ئاشۇردۇم›، دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا: ‹يالغان سۆزلىدىڭ›، دەيدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ‹يالغان سۆزلىدىڭ›، دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا: ‹سەن پالانى ئالىم دېگەن شۆھرەتنى قازىنىشنى مەقسەت قىلدىڭ. خەلقلەر تەرىپىدىن شۇنداق دېيىلىدۇ›، دەيدۇ. يەنە بىرى، ئاللاھتائالا پۇل - مال بەرگەن ئادەم بولۇپ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا: ‹مەن ساڭا كۆپ نېمەت بەردىم، سەن ئۇنى قانداق يوللارغا ئىشلەتتىڭ؟›، دەپ سورايدۇ. ئۇ باي: ‹ئەي رەببىم كېچىلەردە، كۈندۈزلەردە مېلىمنى سەدىقە قىلدىم›، دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا: ‹يالغان ئېيتتىڭ›، دەيدۇ. پەرىشتىلەرمۇ ‹يالغان ئېيتتىڭ›، دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: ‹مەن ئۈچۈن سەدىقە قىلمىدىڭ بەلكى مېنى پالانى باي سېخىي كىشى دېسۇن دەپ سەدىقە قىلدىڭ›، دەيدۇ. ئۈچىنچىسى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم بولۇپ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا: ‹خەلقلەر سېنى شىجائەتلىك پالۋان ئىكەن، دېسۇن دەپ جىھاد قىلدىڭ›، دەيدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۇرەيرىگە: «ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە، يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ئادەملەر قىيامەت كۈنى دوزاخ ئوتى دەسلەپتىلا كۆيدۈرۈپ قىزىتىدىغان ئادەملەردۇر» دېدى. ② . دېمەك، تەڭرىنىڭ نەزىرىدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام دىنىدا رىياكارنىڭ ماھىيىتى پەقەت كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۇلۇغلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەڭرىگە بولغان ئىبادەتتىن، بەندىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەش، يەنى كىشىلەرنىڭ ئىخلاسمەن تەقۋادار، ئېتىقادى چىڭ ئادەم ئىكەن، دېيىشى ئۈچۈن ئۆزىنى غەرەزلىك ھالدا ئىخلاسمەن، تەقۋادار كۆرسىتىش، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشى ۋە ھۆرمەت قىلماسلىقىدىن، ئارىغا ئالماسلىقىدىن قورقۇپلا نامازخان، سېخىي بولۇۋالغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. ئۇنداق ئادەم جامائەت بىلەن بىرگە بولغان چاغدا بەكمۇ ئاكتىپ بولغان بىلەن كىشىلەر يوق چاغلاردا ئىبادەتتە ھورۇنلۇق

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئەنكەبۇت 2 - 5 - ئايەت
② بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆرۈنۈش ئۈچۈن سېخىي بولۇۋېلىپ، ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان خەير ـ ساخاۋەتچى بولۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن خەسىس، بەرگەن سەدىقىسى ئۈچۈن كېيىن ئىچى كۆيىدىغان ئادەم، بۇ خۇددى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا روزا تۇتقان كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بالاغەتكە يەتمىگەن بىر كىچىك بالا روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلدى ۋە چۈشكىچە ئاران چىدىدى. ئۇنىڭ روزا تۇتقىنىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇ كۈنى ئۇنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي، باش ـ كۆزىنى سىلاپ، ئادىتى بويىچە بېشىغا تىللا ۋە بادام چېچىشتى.

بىراق چۈشكىچە ئاچلىققا ئاران چىدىغان بالا ئۆز ـ ئۆزىگە:

ــــ دادام بىلەن ئاپام نەدىن ئۇقسۇن، ئۇلارغا كۆرسەتمەي ئازراق بىر نەرسە يەۋالاي ــــ دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىنى ئاتىسى بىلەن ئانىسىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تۇتقان بولدى.

يۇقىرىقى ھېكايىدىن كېيىن شەيخ سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئاللاھنى ئويلاپ، ئاللاھتىن قورقمىساڭ، خالىساڭ تەرەتسىز ناماز ئوقۇ، كىم نېمىنى بىلىدۇ؟ بالا بالاغەتكە يەتمىگەنلىكتىن ۋە ئەقلى توشمىغانلىقتىن، بالىلىق قىلىپ روزىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن تۇتۇشى مۇمكىن. لېكىن، ياشانغان كىشى ئىبادەتنى كىشىلەر ئۈچۈن قىلسا، بالىدىنمۇ بىلىمسىز، نادان بولغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ۋە خەلققە كۆرسەتىش ئۈچۈن ئوقۇلغان ناماز جەھەننەم ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ماڭغان يولۇڭ ئاللاھتىن باشقا تەرەپكە كەتسە، ئەتە سېنىڭ جايىنىمىزنىڭنى جەھەننەمگە سالىدۇ.

ھېكايەت: «ئىككى يۈزلىمچى بىر كىشى شوتىدىن يىقىلىپ شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ. ئوغلى بىرقانچە كۈن يىغا ـ زارە قىلىپ كېيىن ئۆز كويىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كېچىسى ئوغلى ئاتىسىنى چۈشىدە كۆرۈپ:

ــــ ھال ـ ئەھۋالىڭ قانداق، سوئال ـ سوراقتىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟ ــــ دەپ سوراپتىكەن، ئاتىسى:

ــــ ئوغلۇم، بىمەنە گەپ قىلما، مەن شوتىدىن ئۇدۇل جەھەننەمگە چۈشتۈم، ــــ دەپتۇ»①.

ئىسلام ئەقىدىسىدە رىياكار ئادەمنى مۇسۇلمان ھېسابلىمايدۇ، چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمان رىيادىن مۇستەسنا بولىدۇ. بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىنى، بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەڭرى ئۈچۈن، تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىدۇ. يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن، يامان ئەمەللەردىن، تەڭرىدىن ھايا قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ئۆزىنى تارتىدۇ. چۈنكى، رىيانىڭ ئەسلىي ماھىيىتى مۇناپىقلىق ۋە شېرىكلىك. رىيانىڭ لۇغەت مەنىسى ــــ ئىككى يۈزلىمىلىك، ئىككى يۈزلىمچى، ئۆزىنى يالغاندىن ياخشى كۆرسىتىپ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇش، بىرەر ئىشنى قىلغاندا باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلىش، دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە يۈرگۈزۈلىدۇ. تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋابقا ئېرىشىش تىلىكىدە بولغان ئادەم قانداق قىلىشى كېرەك؟ تەڭرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت

---

① شەيخ سەئدى «بوستان» دىن ئېلىندى.

ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار مۇكەممەل رەۋىشتە ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ»①.

تۆۋەندە ئىسلام مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئدىنىڭ «ئىخلاسنىڭ بەرىكىتى، دىيارنىڭ ئاپىتى» ھەققىدىكى بايانلىرىدىن پارچە بېرىمىز: «ئىبادەت ئىخلاس بىلەن، يەنى پۈتۈنلەي تەڭرى ئۈچۈن قىلىنسا قوبۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئىچى كاۋاك قۇرۇق پوستقا ئوخشايدۇ. تونىنى ئۆزۈڭنى خەلققە سوفىي قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيسەڭ، كىيگەن تونىڭ بىلەن مەجۇسى زۇننارى ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟ كىشى ئۆز قىياپىتى بويىچە كۆرۈنۈشى كېرەك. ئۆز تۇرقىدىن ئارتۇقچە كۆرۈنگەن كىشى ئاقىۋەت خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ. ئۇچاڭدىكى ئۆتنە كىيىمىڭنى ئېلىپ كەتسە، ئىچىڭدىكى كونا كىيىم بىلەن قالىسەن...

ھەي جان دوستۇم! بىر پۇللۇق يارماققا ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بەرمە. ئۇستا سەرراپلار ئۇنىڭغا ئون پۇل بەرمەيدۇ. ئالتۇن سۈيىگە پاتۇرۇلغان مەدەنلەرنى ئوتقا سالغان ھامان ئالتۇنلۇقى ياكى مىسلىقى ئاشكارا بولىدۇ.

كىم كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئىبادەت قىلسا، ئەتە ئاللاھتىن بىرەر ئىنئام ئۈمىد قىلمىسۇن.

ئوغلۇم، بىرىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىسەڭ، ھەققىڭنى يەنە بىرسىنىڭ بېرىشىنى قانداق كۈتىسەن؟

ياغ تارتىش ئۈچۈن ياغلىق دانىنى ئېزىش، بۇنىڭ ئۈچۈن جۇۋازدىن پايدىلىنىش كېرەك. جۇۋازنى ئۆكۈز ئايلاندۇرىدۇ. جۇۋازچى ئۆكۈزنىڭ كۆزىنى باغلاپ قويىدۇ. بىچارە ھايۋان ئەتىدىن كەچكىچە توختىماي مېڭىپ، كەچ كىرگەندە يەنە ئوقۇرىغا كېتىدۇ. دۇرۇس بولمىغان ئادەمنىڭ ھالىمۇ شۇنداق. يىلتىزسىز دەرەخ سۇغىرىش بىلەن مېۋە بەرمەيدۇ. ئىبادەت دەرىخىڭدە ئىخلاس يىلتىزى بولسا، بۇ يولدا سەندىن مەھرۇم كىشى يوق. يەل بىلەن تولغان تۇلۇم ئادىل تارازىدا تارتىلسا قانچىلىك كەلسۇن؟ ھەي بۇرادەر، ئىبادىتىڭنى ئىخلاس بىلەن قىل. كىشىلەردىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن، پەقەت ئاللاھتىن ئېرىشەلەيسەن»②.

كىشىلىك تۇرمۇشتىمۇ سەممىي ئادەملەر ماختىلىدۇ، سەممىيەتسىز ئادەمنى كىممۇ ياقتۇرسۇن. بىر ئادەم بىرەر مۆتىۋەرنى تونۇماي تۇرۇپ، باشقىلار ئاشۇ مۆتىۋەر بىلەن يېقىن ئىكەن دېسۇن دەپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋالغان بىلەنلا ئۇ مۆتىۋەرنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قالامدۇ؟ باشقا بىرىنىڭ كەتمىنىنى چېپىش ئۈچۈن يالغاندىن ساڭا دوست بولۇۋالغان ئادەمنى سەن ياخشى كۆرەمسەن؟ دېمەك، ئىخلاس ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق مەرتىۋىسىنى ئۆلچەيدىغان گىر تېشى. تەڭرى بىلەن بولغان ئەخلاقىي مۇناسىۋەتتىمۇ بۇ ئۆلچەمنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەن.

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئەنفال 2 ـ، 4 ـ ئايەت.
② شەيخ سەئدى: «بوستان» دىن ئېلىنغان.

# سۇنغان ساتار

(مەشرەپ ھەققىدە قىسسە)

مىركەرىم ئاسىم (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

## 3. ئىخلاس تۈزىقى

چۆللەرنى قاپلىغان چېچەكلەر ھىدىدىن مەست بولغان باھار شامىلى دادىل قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان يىگىتكە چاقچاق قىلىۋاتقاندەك، يەكتىكىنىڭ ئېتەكلىرىدىن تارتاتتى، يۈزىنى سىلاپ، قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغاندەك قىلاتتى. قارا قاشلىرى تۇتاشقان، غورلاي كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، چاچلىرى ئۆسۈپ مۈرىسىگە چۈشكەن خۇش قامەت يىگىت بىر پىيالە شاراب ئىچىۋالغان كىشىدەك ئەتراپقا كۈلۈپ باقتىنچە، مېڭىشىنى تېزلىتەتتى. قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى خانىقانىڭ ئېگىز گۈمبەزى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىغان قورغاننىڭ گۈڭگۈرىلىرى، نەقىشلەنگەن دەرۋازىسى كۆزىگە كۆرۈنگەندە، يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى. ئۇ مۈرىسىدىكى خالتىسىنى ئېلىپ، يەرگە ئولتۇردى ـ دە، پىچىرلاپ دۇئا ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ ئىخلاسمەن يىگىت مانا شۇ خانىقادا ئىستىقامەت قىلغۇچى پىرى مۇرشىد ئافاق خوجىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇ ئۇلۇغ دەرگاھ بوسۇغىسىدا تۇرماقتا. تەڭرى نېسىپ قىلسا، بۈگۈنلا پەرىشتە سۈپەت ئافاق خوجىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، مۇبارەك پېشىنى يۈزىگە سۈرتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەم جىسمانىي، ھەم روھىي تەييارلىق قىلىپ قويىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىدا چۆمۈلۈپ، تاھارەت ئالدى. دۇئا ـ تەكبىر بىلەن روھىنى پاكلىدى.

كۆڭلى ئارام تاپقاندىن كېيىن ئورنىدىن قوپۇپ، خانىقاغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى. دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە قارا چاپانلىق، چۇست دوپپىلىق دەرۋازىۋەن يىگىت ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— توختا! — دېدى يولۇچىنىڭ باش ـ ئايىغىغا، پۇتىدىكى ئەسكى چورۇقى ۋە قولىدىكى ساتارىغا شۈبھىلىك قاراپ، — نەلىكسەن، نەگە بارىسەن؟

— نەمەنگانلىقمەن، ئافاق خوجىنى زىيارەت قىلغىلى كەلدىم.

— ھۆپۈپ كەلگىنىڭگە بىر ھەپتە بولغىنى يوق، كەينىدىنلا نەمەنگانلىق كەپتۇ ـ دە، — دېدى قاراۋۇل كۈلۈپ.

دەرۋازىخانىدا ئولتۇرغان سەللىلىك، مەللە چاپانلىق، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى تەسبىھ سېرىشتىن توختاپ:

— ئەجەپمۇ دەرۋىش سۈپەت، خۇشخۇي يىگىت ئىكەن، قويۇۋەت، نېمىشقا ئۇنى زاڭلىق قىلىسەن؟ — دېدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى زىيارەتچى يىگىت دەرۋازىخانىغا كىرىپ، مۈرىسىدە-

كى خالتىسىنى يەرگە قويۇۋېتىپ، — تەۋەككۇل قىلىپ يولغا چىققان ئادەم نە تالقاننىڭ ۋە نە قالغاننىڭ غېمىنى قىلىدۇ، رىسقىنى يولدىن تاپار، — دېگىنىچە خالتىسىدىن ئۈچ پارچە كىتاب چىقاردى، — خوجا ھافىز، لۇتفى، ئەمىر نەۋائى دىۋانلىرى بۇ يولدا يۈرىكىمگە كۈچ بېغىشلىغان ھەمراھلىرىم. يۈرىكىمگە قىل سىغماي قالغاندا ساتارىمنىڭ ناۋاسىغا قۇلاق سالىمەن.

— ياشاپ كەت، راستىنلا مەرد يىگىت ئىكەنسەن. پىرىمىزگە سەندەك يىگىتلەر كېرەك، — مەللە چاپانلىق مۆرىت يىگىتنىڭ نامى، نەسلى - نەسەبىنى سۈرۈشتۈردى.

— ئېتىم بابارەھىم، ھەرپ ئۆگىنىپ، ساۋادىمنى چىقارغان ئۇستازىم موللا بازار ئاخۇنۇم ماڭا مەشرەپ دەپ لەقەم قويغان.

— ياشاپ كەت، ئۇستازىڭ ساڭا تېپىپ لەقەم قويغانىكەن، دەل ئۆزۈڭگە كۆز قويغاندەك بولغانىكەن.

— مەشرەپنىڭ مەنىسى نېمە؟ — سوراپ قالدى دەرۋازىۋەن يىگىت.

— مەشرەپ — ئادەت، مىجەز - خۇلق دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يىگىتنىڭ قىياپىتى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، مىجەزى ئۆزىگە خاس، — دېدى مەللە چاپانلىق مۆرىت ۋە مەشرەپكە ئۆرۈلۈپ قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: — موللا بازار ئاخۇنۇم قۇتبى ئالەم، يەنى ئافاق خوجامنىڭ ئىخلاسمەن مۆرىتى، دىۋانىئى بەرھەق، ساھىبى جەزۋە، تەۋەررۈك زات. ئۇنىڭ شاگىرتى بولساڭ، سەنمۇ ھەقىقەت يولىغا چۈشكەن مەرد يىگىتلەردىن ئىكەنسەن. ئافاق خوجا تۈنۈگۈن ماڭا، موللا قاسىم ئاغزىدا كەلىمىي شاھادەت، بەلدە كەمىرى خىزمىتى بولغان يىگىتلەردىن تېپىڭ، دېگەنتى.

— قاراڭا، دەستىيارى بىمىننەت ئۆزىلا كەپتۇ، — دېدى دەرۋازىۋەن مىيىقىدا كۈلۈپ.

موللا قاسىم ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، «قېنى ماڭ!» دەپ بابارەھىمنى ئىچكىرى باشلىدى. خانىقانىڭ ھويلىسى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇساپىرلار ئۈچۈن ھوجىرىلار (ئوتۇنخانا، ئاشخانا، ئاتخانا سېلىنغان)، تۆت تەرەپتە چوڭ زىكرىخانا، سالامخانا جايلاشقان. خانىقانىڭ كەينىدىكى چوڭ ھويلىدا پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمەمۇتلىقى ئافاق خوجىنىڭ خوتۇنلىرى، كېنىزەك - دېدەكلىرى چۇقىرىشاتتى.

موللا قاسىم زىيارەتچى يىگىتنى پەلەمپەيدە توختىتىپ قويۇپ، نەقىشلەنگەن ئىشىكنى ئاستا ئاچتى - دە، سالامخانىغا كىرىپ كەتتى. بابارەھىم بولسا ساتارىنى قولىغا ئېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئافاق خوجىغا بېغىشلىغان غەزىلىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

*دەرگاھىڭغا بىر ئاجىز ئەفكار كېلىپمەن،*
*ئەرزى ھالىم ئېيتماق ئۈچۈن زار كېلىپمەن.*

چوڭ سالامخانىنىڭ تۆرىدىكى كۆرسى تۆپىسىدە ئولتۇرغان ئافاق خوجا ياش زىيارەتچىنىڭ نەي ساداسىدەك يېقىملىق قوشىقىغا قۇلاق سېلىپ، كۈلۈمسىرىدى - دە:

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىشىك يېنىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان موللا قاسىم باش ئەگدى:

— دەردىگە داۋا تىلەپ كەلگەن يىگىت.

— بۇ يەرگە چاقىرىڭ ئۇ تالىبى دىدارىنى، — دېدى ئافاق خوجا.

موللا قاسىم تەزىم قىلىپ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن قامىتى

كېلىشكەن، قارا چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەن بابارەھىمنى باشلاپ كىردى. يۈزى ئىلھام نۇرى بىلەن يورۇپ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ياش يىگىت ئېگىلىپ سالام بەردى ـ دە، پىرىنىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلدى. ئۈچىسىدا ئاددىي كەشمىرى تون، ھاجى دوپپىسىدا مىسقالى سەللە، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان ئافاق خوجا يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇپ قويدى. كۈمۈش ياقىلىق، زەر تونلۇق ئىككى ۋەزىر ـــ موللا باقى بىلەن موللا ساقى ھاكىممۇتلەقنىڭ موللاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەيۋە بىلەن تۇراتتى.

ـــ ھۇزۇرىمىزغا مەدەت تىلەپ كەلگەن ھەربىر شىرى مەردگە لۇتف ـ كەرەم دەرۋازىسى ئوچۇق، ـــ دېدى ئافاق خوجا قامىتىنى تىك تۇتۇپ. ئۇ ياش شائىرنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغىنى ئۈچۈن ئىسمى، نەسىل ـ نەسەبىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمىدى. ئالدىدا ئىخلاس تۈزىقىغا چۈشكەن يىگىت تۇرغانلىقىنى بايقاپ كارامىتىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇ ئوڭ قولىنى مەشرەپنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، كۆزلىرىگە قاتتىق تىكىلدى، ـــ خىزىر نەزەر سالغان يىگىتتەك قىلىسەن. خىزمىتىمىزدە بولساڭ، ھەقنى باتىلدىن ئاجرىتىپ ئالارسەن. بىلىپ قوي، ھەقتىن باشقا ھەممە نەرسە يالغان. سەنمۇ، بىزمۇ، دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇداتمۇ ھەقنىڭ شولىسى. . . ئۈمۈچۈك ئاغزىدىن تالا چىقارغاندەك، ھەقمۇ يوقتىن سەماۋات كوزىـ سى، يەر ۋە ئاسماننى ياراتقان. . .

ئۇ بىر ئاھاڭدا سۆزلەپ، تەسىرچان يىگىتنىڭ مۈرىسىنى سىلىدى. كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئېيتقان سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. مەشرەپ پۈتۈن بەدىنى شامدەك ئېرىپ، قاپاقلىرى ئېغىر تارتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىردەمدىن كېيىن كۆزىگە ئاغزىدىن تالا چىقىرىۋاتقاندەك چوڭ ئۈمۈچۈك كۆرۈنۈپ كەتتى ـ دە، ناگاھ كۆز ئالدىنى زۇلمەت قاپلىدى، پۈت دەسسەپ تۇرالماي، يىقىلىپ چۈشتى.①

ـــ كارامەتلىرىدىن ئۆرگىلەي، خوجام ! ـــ دەۋەتتى تام ياقىلاپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرغان مۈرىتلار.

ـــ سىرى ـ ئەسرار پەردىسىنى ئېچىپ، بىزنى ھىدايەت يولىغا سېلىڭ، يا قۇتبى ئالەم ! ـــ دەپ شىۋىرلىدى موللا قاسىم پىرىنىڭ پېشىنى سۆيۈپ.

ھەممىنى ۋەھىمە باسقان، ئاپاق خوجا بولسا كۆزىنى يۇمغان پېتى تاشتەك قېتىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن پۈتى ئاستىدا ياتقان مەشرەپكە تىكىلىپ قاراپ:

ـــ ئاچ كۆزۈڭنى، قوپ ئورنۇڭدىن ! ـــ دەپ بۇيرۇق بەردى.

مەشرەپ ئويغىنىپ ئورنىدىن قوپتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن كامالى ئىخلاس بىلەن غەيرىي روھىي كۈچكە ئىگە بولغان پىرىنىڭ قولىنى سۆيدى.

ناۋاي خېمىرنى راسا چەيلەپ، ئۈنىڭغا خالىغان شەكىلنى بېرىپ، تونۇرغا ياققاندەك، ئافاق خوجىمۇ ھېرىپ بوشاشقان ئىخلاسمەن مۈرىتىنى ئەمدى ئوتتا تاۋلاپ، سۇغا تاشلىشى مۇمكىن ئىدى.

* * *

خانىقانىڭ خوجىلىقى چوڭ، كەلدى ـ كەتتىسى كۆپ ئىدى. نەزىر قىلىنىشقا ئارقا ـ ئارقىدىن قوي ـ ئۆچكىلەر كېلىپ تۇراتتى، قاسساپلار ئۇلارنى بوغۇزلاپ ـ پارچىلاپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. داشقازانلارنىڭ ئاستىدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ تىللىرى دائىم يېلىنىپ گۆش سوراپ تۇراتتى. يالاڭ ئاياغ مۈرىتلارنىڭ بەزىلىرى دەريادىن سۇ توشۇپ، ئارقىمۇ

① ئافاق خوجا مەشرەپنى گىپنوز ( باشقىلارنىڭ تەسىرىدە ئۇخلاش، بىھوش بولۇش) ھالىتىگە كەلتۈرگەن ( ئاپتور).

ئارقا چولڭ تۈگۈلارنى تولدۇراتتى، بەزىلىرى توقايلىقتىن ئوتۇن كېسىپ كېلەتتى.

تاماق ئۇسسۇزۇلغاندا ئاشخانا تەسبىھ سىرىۋاتقان مەللە چاپانلىق مۇرىتلارغا توشۇپ كېتەتتى. ئۇلار قورساقلىرىنى تويدۇرۇپ، غەيرەتكە كېلىپ زىكرىخانىنى ئايلىنىپ، زىكرىگە چۈشۈشىدۇ.

ئېچكىرىدە بولسا، دېدەك - كېنىزەكلەر، ئاپاق خوجىنىڭ چولڭ خوتۇنى خانىمنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. خانىقا ئەتىدىن - كەچكىچە ھەرىنىڭ ئۇۋىسىدەك غۇژۇلدايتتى. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن، تېخى ئەقلى ئويقۇدا ياتقان بابارەھىم بۇ مۇھىتقا شائىرانە تۇس بېرىپ، ئۆزىنى جەننەتكە كىرگەندەك ھېس قىلاتتى، تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى جان تىكىپ قىلاتتى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشىغان بىر بىچارە مۇرىت بىلەن ئوتۇن ياراتتى، ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئالاتتى، داشقازان ئاستىغا ئوت قالايتتى. كەچتە تاماق يەپ ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بەزىدە قولىغا ساتارنى ئېلىپ چالاتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى يالاڭ ئاياغ مۇرىتلار ئوراپ ئالاتتى. ياش كېنىزەكلەر بېشىدىكى ياغلىقىنى قىيا ئېچىپ، ئىشىك ئالدىدا مەشرەپنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا زوق بىلەن قۇلاق سېلىشاتتى. مۇتەئەسسىپ موللا قاسىم ئۇلارنى ئېچكىرىگە ھەيدەيتتى، مۇرىتلارغا ھەرخىل ئىشلارنى بۇيرۇيتتى.

ئاقىۋەت، ئۇ بۇ ئىشلاردىن ئاپاق خوجىنى خەۋەردار قىلىشنى لازىم تاپتى. پىرى مۇرشىد ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كەتتى - دە:

— ئۇنى ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە جاڭگالغا ئوتۇنغا ماڭدۇر! — دەپ بۇيرۇق بەردى،

— كەچقۇرۇن ھېرىپ كېلىپ، قولىغا ساتار ئېلىشقا ماجالى قالمايدۇ.

كېنىزەكلەرنىڭ بابارەھىمغا قىزىقىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى سۆز ئۇنىڭ يۈرىكىگە رەشىك ئوتىنى يېقىپ قويغانتى.

ئەتىسى موللا باقى بابارەھىمنىڭ قولىغا ئۇزۇن غولاچ ئارغامچا، بىر ئىتتىك پالتا تۇتقۇزۇپ: — سېنىڭ ۋەزىپەڭ، ھەر كۈنى توقايدىن بىر ئۇلاق ئوتۇن كېسىپ كېلىش، — دېدى.

— خوپ، تەقسىر، — دېدى بابارەھىم قول قوشتۇرۇپ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئەزان ۋاقتىدا قوپۇپ، ئېشىكىنى توقۇپ، جاڭگالغا ماڭىدىغان بولدى. يولدا ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن ئۆز غەزەللىرىنى كۈيگە سېلىپ، ھۇزۇرلىناتتى. كۆڭلى ئەتىگەنكى يامغۇردىن ياشنىغان تاغدەك ئۈمىد چېچەكلىرى بىلەن قاپلىناتتى. قۇشلارنىڭ چۇرۇقلىشى بىلەن تولۇپ - تاشقان جاڭگالغا كېلىپ، ئېشىكىنى ئوتقا باغلاپ، قولىغا پالتا ئېلىپ، ياۋا جىگدە، سۆگەت، توغراقلارنى كېسىپ باغلايتتى.

ئايلار كەينىدىن ئايلار ئۆتتى. ياز تۈگەپ، قىش ئۆز كەينىدىن باھارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ قالدى. كۆلدەك قارىدىغان، قوللىرىنى قاداق باسقان بابارەھىم ھامان توقايغا قاتنىغىنى قاتنىغاندى.

خانىمنىڭ خىزمىتىدە بولغان بىر دېدەك قىز ھەركۈنى ناماز ۋاقتىدا ئاپاق خوجىغا تاھارەت سۈيى ئېلىپ چىقاتتى. مەشرەپ گۈلدار مىس چۆگۈن كۆتۈرۈپ تۇرغان، يۈزىنى قىزىل ياغلىق بىلەن يېرىم توسۇۋالغان بۇ چىرايلىق كېنىزەكنى كۆرگەندە، ئۇنچىقماي يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ نامەھرەمگە، خۇسۇسەن پىرى مۇرشىدنىڭ خىزمىتىدىكى دېدەكلەرگە تىكىلىپ قاراشنى كۇفرانى نېمەت دەپ بىلەتتى. لېكىن قىز ئۆلگۈر قامىتى كېلىشكەن،

بۇرۇتى خەت تارتقان چىرايلىق يىگىتنى كۆرگەندە، گۇلدەك ئېچىلىپ كېتەتتى. ياغلىقنىڭ بىر چېتىنى ئېچىپ، خىيالچان قارا كۆزلىرى بىلەن مەشرەپكە كۈلۈپ قارايتىيۇ، دەرھال تەتۈر قارىۋالاتتى. سۆزلەشمىگەن بولسىمۇ، كۆزگە كۆرۈنمەس سېھرىي يىپلىرى ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاشقا باشلىغانىدى.

بىر كۈنى مەشرەپ كەچتە، ئېشىكنى ئوتۇنخانا ئالدىدا توختىتىپ، ئوتۇن چۈشۈرۈۋاتقاندا، قېشىغا ئوسما قويۇپ، كىرپىكىگە سۈرمە تارتقان قىز ئۇياق-بۇيېقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— بۈگۈن بەك خۇشال كۆرۈنىسىزغۇ، — دېدى ئۇ جان ئالىدىغان كۆزلىرىنى مەشرەپكە تىكىپ.

— ھە، — دېدى كۈلۈمسىرىگەن مەشرەپ، — بۈگۈن بىر ساۋابلىق ئىش قىلدىم. بىر كېيىكنىڭ بالىسىنى تۇتىۋالغانتىم، قويۇۋەتتىم، ئانىسى ماڭا قاراپ-قاراپ قويۇپ، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كەتتى.

— دائىم ساۋابلىق ئىش قىلىپ يۈرىسىز. ئۆمرىڭىزدە گۇناھمۇ قىلغانمۇ؟ — دېدى ئۇ كىنايە ئارىلاش قىلىپ. كېيىن گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — ۋاي، پېشىڭىز ياغاچقا ئىلىنىپ يىرتىلىپ كېتىپتىغۇ، چەكمىنىڭىزنى سېلىپ بېرىڭ، مەن ياماپ بېرەي.

— ئالدى بىلەن ئوتۇننى چۈشۈرۈۋالاي، كېيىن سېلىپ مانا بۇ يەرگە قويىمەن.

— ياخشى، يەكتەكىڭىزنىمۇ سېلىپ بېرىڭ، مەن يۇيۇپ بېرىمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەشرەپنىڭ قەلبى مۇھەببەت نۇرى بىلەن تولۇپ تاشتى. خۇشال بولغىنىدىن ئۇ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەيتتى، ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى. قارىشىچە، بۈگۈن قىلغان ساۋابلىق ئىشى سۆيگۈ غەزىنىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتكەندەك ئىدى.

بۈگۈن ئادەتتىكىچە توقايلىققا كېلىپ، قولىغا پالتا ئالغاندا، ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان كېيىككە كۆزى چۈشتى. مەشرەپ ئۇنى خېلى يەرگىچە تەقىپ قىلىپ باردى، كېيىك ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى-دە، يەنە توختىدى. جانىۋارنىڭ بۇ يەردە بالىسى باردەك يىراققا كەتمەيتتى، قولىدا پالتىسى بار يىگىتنى ئازدۇرۇپ چۆلگە باشلاپ كەتمەكچىدەك قىلاتتى. ياش يىگىت ئورنىغا يېنىپ كېلىپ، كەينىدىن كېيىكنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، ئاندىن كېيىكنى دەسلەپ ئۇچراتقان يېرىدە، ئوتلۇق ئارىسىدا كېيىك بالىسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى. «تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈن تاڭ سەھەر تۇغۇلغان بولسا كېرەك» دەپ، ئۇنى قولىغا ئالدى. مەشرەپنىڭ مېھرى ئۇرغۇپ، بىر قولى بىلەن كېيىك بالىسىنى ئاستا سىلاپ، ئۇنىڭ شەبنەمدەك جەزىبىلىك كۆزلىرىگە تىكىلدى. «ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ باقسام مىكىن؟» دېگەن پىكىر كۆڭلىگە كەلدىيۇ، لېكىن يىراقتىن نەملىك كۆزلىرىنى بالىسىغا تىكىپ، تېپچەكلەپ تۇرغان ئانىسىنى كۆرگەچ، ئۆز پىكرىدىن ياندى. «قورقما، جانىۋار، بالاڭنى ئېلىپ كەتمەيمەن» دېدى يىگىت كېيىك بالىسىنى يەرگە قويۇپ، كەينىگە يېنىۋېتىپ. ئانا كېيىك پالتىلىق يىگىتنىڭ يىراق كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بالىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇنى يالاپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئېمىتتى، ئاندىن تەمتىرەپ مېڭىشقا باشلىغان كېيىك بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. يىراقتىن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان مەشرەپ، خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى ئادالەتلىك بىر ئىش قىلغان پادىشاھتەك ھېس قىلدى ۋە بۈگۈنكى خۇشاللىق ئاشۇ ساۋابلىق ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى، دەپ ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


* * *

روزىخان بىلەن مەشرەپ ئادەملەرگە بىلىندۈرمەي پات - پات ئۇچرىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار نامازشام ياكى خۇپتەن ۋاقتىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتىشەتتى. بۇ ۋاقىتلاردا جامائەت جەم بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى، خانىقا ھويلىسىدا قاغا ئۇچمايتتى. . .

ياش كېنىزەكنىڭ ياقۇت لەۋلىرىدىن مۇھەببەت شەربىتىنى تېتىپ قالغان مەشرەپ نامازنى ئۇنتۇپ قالغان، جەننەتتىكى ھەۋزى كەۋسەر شەربىتىدىن كەچكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمانى كامىل ھېسابلىسىمۇ، ۋۇجۇدى دىن ئەقىدىلىرىگە بويسۇنمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

بىر كۈنى خۇپتەن نامىزى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا روزىخان ئۇنىڭ بىلىدىن قۇچاقلاپ:

— ئۆلگۈچە قۇلۇڭ بولاي. سەن بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىشكىمۇ رازىمەن، — دېدى.

— يېنىمدا ئاتام، قولۇمدا ھۈنىرىم، تۇرارغا زېمىنىم بولمىسا، سېنى ئېلىپ نەگە بارىمەن؟ — دېدى مەشرەپ.

— پەيزاۋاتقا بېرىپ، بايلارنىڭ قويىنى باقىمىز. بىر كەپىدە خاتىرجەم ياشايمىز.

مەشرەپ سۆيگۈسىنىڭ قورسىقىغا قولىنى يېقىپ پىچىرلىدى:

— ئۇ يەردە تۇغۇلىدىغان بالىلار قورسىقىڭدا تۇرۇپ: «دادا، نان، دادا تاماق!» دەپ يىغلىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنى قانداق باقىمەن؟

— قويسىڭىزچۇ! — دېدى قىز، ئۇنىڭ پېشانىسىغا نوقۇپ.

— نەگە قېچىپ بارساقمۇ ئاپاق خوجام بىزنى تۇتۇپ ئالغاي. بەربىر ئۇ پۈتۈن قەشقەرنىڭ پادىشاھىغۇ! يەرگە كىرسەك قولىقىمىزدىن تارتىپ چىقارغاي، ئاسمانغا چىقساق تاپىنىمىزدىن . . .

— بولمىسا ئىلى تەرەپلەرگە قېچىپ كېتەيلى.

— ئۇ يەرلەرنى موڭغۇل ۋاڭى قونتەيجى باشقۇرىدۇ. ئۇ ئاپاق خوجامنىڭ دوستى ۋە خوجىسى. موڭغۇللار دەرھال بىزنى تۇتۇپ قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. نەگە بارساقمۇ بېشىمىز ئاسارەت دامىغا ئىلىنىدۇ، — دېدى مەشرەپ.

ئوي - خىيال دامىغا ئىلىنىپ تىپىرلىغان ئىككى ياش يۈرەك نىجاتلىق يولىنى ئىزدەيتتى. يىراق ئازادلىق دەرۋازىلىرى قولۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى نەگە قويۇشنى بىلىشمەيتتى. يىگىت ھەركۈنى جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپ، ئىش بىلەن ئۆزىنى بەزلىمەكچى بولاتتى، قىز بولسا ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ كۆز تىكەتتى.

بىر كۈنى مەشرەپ توقايلىقتا ھالىدىن كەتكەن بىر بوۋايغا ياردەملىشىمەن دەپ ئادەتتىكىدىن كەچ قالدى. ئىككىسى تۈت ~ بەش باغلام ئوتۇن تەييارلىغۇچە كۈن پېتىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىشقا باشلىدى. ئوتۇن يارىدىغان، سۇ توشۇيدىغان، ھويلا سۈپۈرىدىغان مۇرىتلار، مەشرەپنىڭ دوستلىرى ئەنسىرەپ: «بىچارىنى بۆرە يەپ كەتمىگىيدى. كېچىسى جاڭگالدا يالغۇز قېلىش خەتەرلىك. ئاچ بۆرىلەر، چىل بۆرىلەر تاپ ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ» دېيىشەتتى. بۇ گەپ - سۆزلەر سۆيگىنىنى كۈتىۋېرىپ كۆزى تۆت بولغان روزىخاننىڭ قۇلىقىغا كىرىپ، يۈرىكىگە غۇلغۇلا سالاتتى. ئۇ بىر يەردە تۇرالماي بىردەم ئىچكىرى كىرىپ، ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، بىردەم ئۇھ دەپ يەنە سىرتقا چىقاتتى، ئېھتىياتىنىمۇ ئۇنتۇپ، مالايلاردىن مەشرەپنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى

سۇرۇشتۇرەتتى. ئۇنىڭ بىئارامىلىقى بەزى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە شۇبھە ئويغىتىشقا باشلىدى.

موللا باقى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن مەشرەپنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن جاڭگالغا ئادەم ماڭدۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، مەشرەپ ئۆزى كېلىپ قالدى. ئۇ ھارغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، چىرايى ئوچۇق ئىدى. دوستلىرى ئۇنى چۆرىدىۋېلىپ نىمە ئۈچۈن كەچ قالغانلىقىنى سوراشقا باشلىدى...

ئەتىسى ئەتىگەن موللا باقى ئافاق خوجا بىلەن يالغۇز قالغاندا روزىخاندىن شۇبھىلىنىۋاتقانلىقىنى، تۈنۈگۈن مەشرەپ كېچىكىپ قالغاندا، ئۇ بىئارام بولۇپ، ئاھ ئۇرۇپ كەتكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئافاق خوجا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يۈرىكى بىر قىسما بولغان بولسىمۇ سىر بەرمەي:

— رەھىمدىل دېدەك، ئوتۇنچىنى بۆرە يەپ كەتمىسە بولاتتى، دەپ تەشۋىشلەنگەن بولسا، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، — دېدى.

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن موللا باقى تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ قويدى، ئىچىدە بولسا بابارەھىمنى قولغا چۈشۈرۈپ، جازاسىنى بېرىشنى ئويلىدى. ئۇ سوراپ، سۈرۈشتە قىلىپ، مەشرەپنىڭ بەزىدە شام، بەزىدە خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى ۋە تەجرىبىلىك ئوۋچىدەك قەيەرلەرگە تۇزاق قويۇش كېرەكلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەسۋىسىنى سىيرىشقا باشلىدى...

ھەممە ياق جىمجىت. خانىقادا جامائەت جەم ئىدى. مۇرىتلار ئافاق خوجىغا ئىقتىدا قىلىپ شام نامىزىنى ئوقۇيتتى، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق بىلەن قوشۇلغان چاغ ئىدى. ۋىسال پەيتىگە مۇشتاق بولغان ئىككى ياش خۇددى ئاھەنرەبا بىلەن تۆمۈردەك بىر - بىرسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى. ئىككىلىسى بىر قەدەھتىن بادە ئىچكەندەك، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى كۆرمەيتتى، قۇلاقلىرى بالدەك شېرىن سۆزلەردىن باشقا نەرسىنى ئاڭلىمايتتى. شۇ چاغدا پانا جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىككى دىۋىدەك مۇرىت بىردىنلا ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئاجراتتى. ئىختىيارسىز تۋۋلىۋەتكەن روزىخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، موللا باقىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

مەشرەپنىڭ قولىنى كەينىگە باغلاپ، ئوتۇنخانىغا تاشلىدى، روزىخاننى بولسا چېچىدىن سۆرەپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

ئافاق خوجا ۋەقەدىن خەۋەردار بولسىمۇ، ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغان ئادەمدەك ۋەزمىن ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇ ئالدىرىماي سالامخانىغا چىقتى. ئادەتتىكىدەك، تاشتەك قاتقان يۈزىدە ياسىما ئۇلۇغۋارلىقتىن باشقا ئىپادە يوق ئىدى. غەزىپى كۆڭۈل خىلۋەتخانىسىدا پىنھان، نىمىشقىدۇر كۆزلىرى قىزارغانىدى. كۈرسىغا ئولتۇرۇپ، كەشمىرى چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قەددىنى توغرىلاپ، گۇناھكار يىگىتنى باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇدى. ئىككى مۇرىت قولى كەينىگە باغلانغان مەشرەپنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كىرىشتى.

— قولىنى يېشىۋېتىڭلار! — دېدى ئافاق خوجا.

ئىككى قولى بوشىغاندىن كېيىن مەشرەپ گۇپ قىلىپ پىرىنىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلدى ۋە يېلىنىپ، ئەپۇ قىلىشنى سورىدى.

— لۇتفى، كەرەمىڭمۇ چېگرىسى بار. جىنايەتنى جازاسىز قالدۇرۇش ئاقىل ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس، — دېدى ئافاق خوجا: — ئاندىن ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان موللا ساقىدىن

www.uyghurkitap.com



سورىدى: — خوش، شەرارەت كوچىسىغا كىرگەن پاسىقنىڭ جازاسى نىمە بولىدۇ؟
— ئۆلۈم، — دېدى موللا ساقى، ئۇنى تاغارغا سېلىپ، مۇناردىن تاشلىۋېتىش كېرەك!
پىرى مۇرشىد سول تەرىپىگە بۇرۇلۇپ، موللا باقىغا قارىدى:
— خوش، سىز نىمە دەيسىز؟
— مەنمۇ شۇ پىكىردىمەن. پاسىقنىڭ قېنى ھالال!
ئاپاق خوجا كۆزىنى يۇمۇپ، گويا ئادالەت يۈزىسىدىن ئىش كۆرمەكچى بولغان پادىشاھ-دەك ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بېغىدا ئېچىلغان ئېسىل گۈلنى ئۆزىدىن ئاۋۋال بىر يالاڭ ئاياغ مۇرىتى ھىدلىغىنىنى ئۇچۇن غەزەپكە پاتقانىدى. رەشىك ئوتىدا كۆيگەن يۈرىكى: « مەشرەپنى ھازىرلا تاغارغا سېلىپ، مۇناردىن تاشلىۋەت! ! ! » دەپ تۇرسىمۇ، ئەقلى: « بەك ئالدىراپ كەتمە! » دەيتتى. بۇ يالاڭ ئاياغ شائىر يىگىتنىڭ كەمبەغەل مۇرىتلار ئارىسىدا مۇخلىسلىرى كۆپ. قەتلە قىلدۇرساڭ، ئۇنى ۋەلىي دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ، سەن ۋەلىي بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ قالىسەن، ئويلاپ باق! »
ئۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىدىن كېيىن بىر قارارغا كەلدى - دە، يېنىنى كولاشتۇرۇپ، مىس ۋە تۆمۈر قېتىشمىسىدىن قىلىنغان تامغىنى قولىغا ئالدى. سادىق مۇرىتى موللا قاسىمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر قاچىدا چوغ ئېلىپ كېلىشنى ۋە تامغىنى ئوتقا سېلىپ قىزدۇرۇشنى بۇيرۇدى.
— شەرىئەت ھەلقىسىنى ئۈزۈپ، شەرارەت يولىغا كىرگەن بۇ ئاسىي بەندە ئۆلۈمگە لايىق، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەمما بىز قىساس ئېلىشنى گۇناھ، ئەپۇ قىلىشنى مۇرۇۋۋەت ( كەڭ قورساقلىق ) دەپ بىلىمىز. شۇ سەۋەبتىن قېنىنى ئۆزىگە بېغىشلىدۇق. ئەمما، جىنايەتنى جازاسىز قالدۇرۇشمۇ شەرىئەتكە خىلاپ، ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىپ، بۇ پاسىق يىگىتنى ئەرلىك قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم قىلىشقا قارار قىلدۇق.
شۇنى دەپ، چوغدا قىزىپ تىتىغا كەلگەن تامغىنى سېپىدىن تۇتۇپ، ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرغان مەشرەپنىڭ بويىنىدىكى ئەسەپ تومۇرىدىن بىرىگە باستى. مەشرەپ كۆكسىگە نەيزە سانجىلغان ئادەمدەك ئىڭراپ يىقىلدى.
— ئات ئېغىلىغا ئېلىپ بېرىڭلار بۇ پاسىقنى، نىياز ئاخۇن ئۇنى ئاختا قىلىۋەتسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئاپاق خوجا. ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ئۆتكەندىن كېيىن بىھوش مەشرەپنى گىرىمسەن قاراڭغۇ ھۇجرىغا ئېلىپ چىقىپ ئەسكى تېرە ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپمۇ، مىدىرلاشقا ھالى يوق، ئىڭراپ ياتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن مەشرەپ ماغدۇرىغا كېلىپ ئاستا - ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەزايى بەدىنىدە قۇۋۋەت يوق ئىدى. چىرايى ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەكساپسېرىق ئىدى. خانىقادا ئىش قىلىپ يۈرگەن يالاڭ ئاياغ مۇرىتلار ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، تەسەللى بېرىشەتتى، پۈتۈن دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنگەن مەشرەپكە ھېچقانداق سۆز خۇشياقمايتتى. تاتلىق سۆزلەر كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلاتتى. « ھاياتىم خازان بولدى، ئەمدى ئۆيلىنەلمەيمەن، بالا تاپالمايمەن، » دەپ ئويلايتتى ئۇ. « پىرى مۇرشىدىم ھۆرلىقادەك كېنىزەكلەر ئىچىدە، راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشايدۇ. مېنى پاسىق دەپ ئەرلىكىمدىن مەھرۇم قىلدى، ئۆزى بولسا، چىرايلىق دېدەك قىزنىڭ قولىدىن ئابدەستىنى ئېلىپ، مۇستەھەب قىلىدۇ! ... »
ئۇ ئاستا - ئاستا ئىخلاس تۇزىقىدىن قۇتۇلۇپ، باشتا جەننەتتەك كۆرۈنگەن بۇ يەر پىسقى - پاسات، تەمەگەرلىك ماكانى بولغان پاتقاقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. « چاپساڭ-

ىراق بۇ ماكاندىن قېچىپ قۇتۇلۇش كېرەك، ــ دېگەن قارارغا كەلدى ئۇ، ــ ئافاق خوجام ساھىبى كارامەت دەپ يۈرسەم، ساھىبى ئازار ئىكەن. »

كەچ كۈز ۋاقتى . . . جەنۇب تەرەپكە ئۇچۇپ، تۆپىسىدىن چۇقان سېلىپ ئۆتىۋاتقان تۇرنىلارنىڭ چۇرقىرىشى ئاسماننى بىر ئالغانىدى. . . شائىر ئۇلار بىلەن بىللە ئىسسىق تەرەپلەرگە يۈرۈپ كېتىشنى خالاپ قالدى. چۆل شاماللىرى گۈركىرەپ سەپەر كەمىرىنى باغلاشقا دەۋەت قىلاتتى.

ياش يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەن تەدبىركار پىرى مۇرشىد ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى دەرھال قوبۇل قىلدى. موللا قاسىم: « يول خەجى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر سىقىم يارماق بېرىڭلار! » دېدى ئۇلار. خەزىنىنى كۆپەيتىش كويىدا يۈرگەن بۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى مەشرەپنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. يولغا ئاتلانغان بابارەھىم مىس يارماقلار قولىنى كۆيدۈرگەندەك، ئۇلارنى دەرھال مۇرىتلارنىڭ پۇتى ئاستىغا چېچىۋەتتى - دە، ئىككى ئارپا ناننى بېلىگە تۇگۈپ، پىيادە يولغا چىقتى.

* * *

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن موللا باقى يەكەن، خوتەن تەرەپلەردىن كەلگەن ئادەملەردىن مەشرەپ ھەققىدە غەلىتە سۆزلەرنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلاردىن پىرىنى خەۋەردار قىلىشنى لازىم تاپتى. بىر كۈنى موللا باقى ئافاق خوجا بىلەن يالغۇز قالغاندا:

ــ پىرىم، يەكەن، خوتەن تەرەپلەردىن غارايىپ خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى، ــ بابارەھىم مەشرەپ ئۇ يەرلەردە ئەخلاق ۋە ئەدەپ چېگرىسىدىن چىقىپ، بىزنى سۆككىدىغان غەزەللەرنى توقۇپ يۈرۈپتىمىش.

ــ مەسىلەن؟

ــ يەكەن ھاكىمى ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، ئوردىسىغا چىللاپتۇ، ئۆزىنىڭ كىمخاپ كۆرپىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئەتىۋارلاپتۇ. بابارەھىم كوچىغا چىقىپ، « سەيىدسەن، خۇمسىدسەن، زىنھار مەغرۇرى نەسەب بولما» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان بىھايا غەزىلىنى ئوقۇپتۇ. خوتەندە بولسا شەھەر قازىسىغا: « بېشىڭىزدىكى سەللىنى ماڭا بېرىڭ، بىكار ئىسراپ بولماقتا، ئۇنى يىرتىپ يېرىمىدە ئىشتان، يېرىمىدە كۆڭلەك كىيىۋالاي» دەپتۇ. مەشرەپ سەللىسى چوڭ، تەسۋىي تۇتقان موللىلار، زاھىدلارنى، خوجىلارنى كۆرسە ئاۋام ئالدىدا ئۇلارغا شۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلارمىش. سىلىنىڭ مۇرىتلىرى بولغىنى ئۈچۈن ھېچكىم ئۇنىڭغا ئازار بېرىشنى خالىماسمىش، ئىنائەت يىپىنى ئۈزگەن بۇ يالاڭ ئاياغنى تىزگىنلەپ ئېلىشنىڭ ۋاقتى يەتتى.

ــ راست ئېيتىسەن، موللا باقى، ــ دېدى ئافاق خوجا ئاق ئارىلىغان ساقىلىنى سىيلاپ، ــ بۇ ساۋابلىق ئىشنى ساڭا تاپشۇرىمەن. ئېھتىيات بىلەن ئۇنى ئېلىغا ماڭدۇرۇش كېرەك. ئىلىدىن كەلگەنلەر « يۈرۈڭ، ئىلىغا بارىمىز» دېسىلا بولدى. سەرگەردانلىق ھاياتقا ئۆگىنىپ قالغان يىگىت ياق دېمىگەي.

ــ سىلىنىڭ ئەمرلىرى ۋاجىپدۇر، پىرىم، ــ دەپ تەزىم قىلدى موللا باقى.

**ئابدىۋەلى خەلىپەت**

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:

# [illegible]

نۇسرەت تۇردى

بىز ئېھتىمال ئىلىم - پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان 21 - ئەسىردە ياشاۋاتىمىز، خىلمۇ خىل خۇراپىيلىقلاردىن، ئىدىيىۋى ئەسەبىيلىكتىن تولىمۇ يىراقتا دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، رېئاللىق، ئەڭ بولمىغاندا بىر قىسىم بېشارەتلەر بىزنى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالدىراپ خۇلاسە چىقارماسلىققا دەۋەت قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن نەچچە يىل مۇقەددەم، يەنى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىزدە تۇيۇقسىزلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنيادىكى « ئەڭ تەرەققىي قىلغان تىل» ئىكەنلىكىنى « ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان» « تىلشۇناس» پەيدا بولۇپ قالدى؛ ھەتتا بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئۇنى مەھمۇد قەشقىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ تىلغا ئالدى. گەرچە مەزكۇر « تىلشۇناس» نىڭ بايانلىرىنىڭ ئىلمىي ئاساسى ۋە مەنتىقىسى قەتئىي پۇت تىرەپ تۇرالمىسىمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇمىزنى قوزغىيالىدى. ئارقىدىنلا، قانداقتۇر بىر « ئەۋلىيا» پەيدا بولۇپ، ئۆز « كارامىتى» نى كۆرسىتىشكە باشلىدى؛ سورۇن - سورۇنلاردا قىزغىن پاراڭ تېمىسىغا، ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ھەتتاكى شۇنداق ئۈستىلىق بىلەن ئىسلام رىۋايەتلىرىگە باغلاپ « خىزىرغا يولۇققان» « ئەۋلىيا» شەرىپىگە كۆتۈرۈلدى. بىزنىڭ ساناپ كۆرسىتىدىغان پەخرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ھېچكىم بۇ ھەقتە ئارتۇقچە پىكىر بايان قىلمىدى ياكى ئوچۇق - ئاشكارا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى.

گەرچە بۇ ئىشلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خاتىرىمىزدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ شۇ چاغدا بۇ ئىشلارغا قايتۇرغان ئىنكاسىمىز بىزنىڭ ئويلىنىشىمىزغا تولىمۇ ئەرزىيدىغان مەسىلىدۇر. چۈنكى، بىز بۇ ئىشلاردىن بىزدىكى ئەسەبىي مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدىن ئىبارەت بۇ ھېسسىيات ئامىلى بىلەن ئەقلىيلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ھېس قىلالايمىز.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ۋەقە قارىماققا ئۆزگىچىدەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتىن قارىغاندا تارىختا سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمىزدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، جامائەت پىكرىنىڭ ئاسانلا بىرلا نۇقتىغا ئېغىپ، ئىدىيىۋى ئەسەبىيلىككە ئايلىنىشى، ئۆزگىچە پىكىر بايان قىلغۇچىلارنىڭ ھەرزامان ھەسەت قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىشى . . . قاتارلىق بىزنىڭ تارىخىمىزغا ئۇدۇم بولۇپ قالغان بۇ بىرقاتار ھادىسىلەرمۇ يۇقىرىقى ئىككى ۋەقەدىن جىق پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئاق تاغلىق، قارا تاغلىقلارنىڭ كۆرد-

شى، «ئىلى سۇلتانلىقى» دەۋرىدە پەيدا بولۇپ قالغان ياغاچنى زەمبىرەك قىلىپ ئاتالايدىغان «ئەۋلىيا» ئىشان ۋەقەلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئوخشاشلا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ئىدىيەۋى ئەسەبىيلىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇلاردىكى بىرلا پەرق شۇكى، ئىلگىرىكىلىرى دىنىي جەھەتتىكى ئىدىيە، ھېسسىيات ئەسەبىيلىكنىڭ مەھسۇلى بولسا، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئىككى ۋەقە مىللىي ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئەسەبىيلىككە قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئەمەلىيەتتە، ئىدىيەۋى جەھەتتىكى ئەسەبىيلىك، بىر جەمئىيەتتىكى جامائەت پىكرىنىڭ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھېسسىيات قاينىمىغا چۆكۈشى ۋە ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن نوپۇز تەرىپىدىن مۇتلەق تەقىب ئاستىغا ئېلىنىشى بۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك خاتالىق ئۆتكۈزۈش خەۋپىدە تۇرغان جەمئىيەت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، بىز، يەنى 21 - ئەسىردە ياشاۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى يەنىلا تارىختىكى خاتالىقلىرىمىزنى قايتا سادىر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ھازىرمۇ ئوخشاشلا ئىگىدەك قىلىمىز. ئاسان قىزىيدىغان، ھېسسىياتنى ئۆلچەم قىلىدىغان، ئىدىيە جەھەتتىن تەنتەك، يەڭگىل مىجەزىمىز تومۇرلىرىمىزنىڭ مەلۇم بىر جايلىرىدا ساقلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، بىزدە ئىلىم - پەن روھىنىڭ ياكى شۇ خىل روھنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىلىم - پەن ئەنئەنىسىنىڭ بولمىغانلىقىدىندۇر.

بىلىشكە ئىنتىلىش، بىلىش ئارقىلىق نىجاتلىق تېپىش ئىنسان روھىيىتىدىكى بۈيۈكلۈكنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا ئىنسان تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدىن ئىبارەت. بىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىشى، يىغىلىنىشى ئىلىم - پەننىڭ شەكىللىنىش تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس بولىدىغانلىقى ئارتۇقچە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت بولسىمۇ، ئەمما بىلىشنىڭ ئۆزى ئىلىم - پەن ئەمەس. پەقەت بىلىش جۇغلىنىپ بەلگىلىك كۆلەم ۋە مىقدارغا يەتكەندە ھەمدە نەزەرىيە جەھەتتىن مۇكەممەل سىستېما ياراتقاندىلا ئاندىن ئىلىم - پەن بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئىنسان ۋاستىلىق ياكى ۋاستىسىز ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇرەككەپلىكى، كائىناتنىڭ چەكسىزلىكى تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا ئىنساننىڭ بىلىشكە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت بۇ روھىي پائالىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى سەۋەبىدىن ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى بىر ئادەم ياكى بىر ئەۋلاد بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ ھەم تاماملانمايدۇ. ئۇ ئىزچىل رەۋىشتىكى جۇغلىنىش ۋە ئەنئەنە تەلەپ قىلىدۇ. ئەنئەنە دېگىنىمىز، بىر مىللەت ياكى كىشىلەر توپىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەكرار ئىپادىلىگەن، بۇ خىل تەكرارلىق ئارقىلىق ئادەتكە ئايلانغان قىلىق شەكلى ياكى پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ مىللەت ياكى شۇ كىشىلەر توپى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇ خىل ئادەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دېمەك، بىز مىللىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ھەم ھەل قىلىشتا، ئەنئەنىدىن ئىبارەت مەزكۇر تارىخىي ھادىسىگە ھەرگىز

uyghurkitap.com

سەل قارىيالمايمىز. جۈملىدىن، ئىلىم - پەن ئەنئەنىسى ۋە شۇ ئاساستا ئىپادىلەنگەن ئىلىم - پەن روھىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

چۈنكى، ئىلىم - پەن ئىنسان بىلىشىگە نوپۇز ۋە ھېسسىياتنىڭ مۇداخىلە قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ ئەستايىدىل كۆزىتىش، ئەمەلىي ئىسپات، لوگىكىلىق ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسىنىلا ئېتىراپ قىلغاچ، ئىجاد قىلىش ۋە بىلىشتىن ئىبارەت ھەممە ئىنسانغا ئورتاق بولغان ئىقتىدارنىڭ نوپۇز ۋە ھېسسىيات رامكىلىرىدىن دادىللىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىدىيە جەھەتتىن ئازادلىققا چىقىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ؛ رامكىلىنىپ قالغان ئىنسان بىلىشىنىڭ مەلۇم خىلدىكى نوپۇز تەقىبىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىشى، ئىنسان ئەقلىيلىكىنىڭ ھۆرمەت قىلىنىشى ئۈچۈن توغرا ئىلمىي كەيپىيات يارىتىدۇ.

بىر مىللەتتە ئىلىم - پەننىڭ ئومۇملىشىشى بەلگىلىك كۆلەم ۋە سۈپەتتىكى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغان نوپۇس قاتلىمىغا ئىگە بولۇشى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتنىڭ ئەقلىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتىدە ئادەت شەكلىدە ئۆزلىشىپ ئەنئەنىگە ئايلىنىشى بىلىش جەھەتتە ياكى ئەقلىي تەپەككۇر جەھەتتە مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان نوپۇز شەكلىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىنى چەكلەيدۇ ياكى جامائەت پىكرىنىڭ ئاسانلا بىرلا تەرەپكە ئېغىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ئەسەبىي ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق نوپۇزنىڭ تىكلىنىشى ياكى ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ئەسەبىيلىككە قاراپ يۈزلىنىشى راست گەپ قىلىش ئۈچۈن ئەڭ پايدىسىز ئامىللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ كوللېكتىپ روھىيىتىدە ياكى بىلىش سىستېمىسىدا ئىلىم - پەن روھىنى يېتىلدۈرۈش سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

بىر جەمئىيەتنىڭ ئىلىم - پەندىن ئايرىلىپ قېلىشى ئۇنى ماددىي تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم - پەن روھىدىن كېلىدىغان راست گەپ قىلىشقا پايدىلىق بولغان، ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە كەڭ قورساقلىق قىلىدىغان، ھەرقانداق مەسىلىگە نىسبەتەن سالماق، ئەقلىي يوسۇندا تەنقىدىي ياكى گۇمانىي مۇئامىلە قىلىدىغان، قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدىغان مۇنداق ئىلمىي مۇھىتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ئۈچۈنمۇ چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، مۇنداق جەمئىيەت ھەر ۋاقىت ئومۇمىي جەمئىيەت خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان، ئىدىيىۋى ئەسەبىيلىككە يۈزلىنىش خەۋپى بىر قەدەر چوڭ بولغان، كىشىلىرىنىڭ بىلىش پائالىيىتى ياكى ئەقلىيلىكى مەلۇم خىلدىكى نوپۇز ئىسكەنجىسىگە ئاسانلا چۈشۈپ قالىدىغان جەمئىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئىدىيە جەھەتتىن ئەسەبىيلىككە يۈزلەنگەن، ئىنسان بىلىشى نوپۇز ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغان مۇنداق جەمئىيەتتە راست گەپ قىلىش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ؛

راست گەپ قىلغۇچىلار پاجىئەلىك تەقدىرگە ئۇچرايدۇ. ئىخىمۇ مىغىزلىق قىلىپ ئېيتساق،
ئىنسان ئەقلىيلىكى ۋە ئىنساننىڭ ئۆزى ھۆرمەتلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشى كۆپ
ھاللاردا مۇتلەق نوپۇز تىكلىگەن بىر تەرەپلىمە ئەسەبىيلىك بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە چىكىدىن
ئاشقان مەنمەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق، تەنتەكلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ.
شۇڭا، نوپۇز ئىگىلىرى كۆپ چاغلاردا خۇشامەت ئاتلىق تاتلىق زەھەر ئىچىشكە رازى بولىدۇ-
كى، تەنگە داۋا راست گەپ ئاڭلاشنى ئەسلا خالىمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ كۈچلۈك قۇدرەتكە
ۋە سانى نۇرغۇن قارىغۇ مۇرىتلارغا ئىگە بولغاچقا، ناھايىتى ئاسانلا قارا نىيەتچىلەرنىڭ
پايدىلىنىش ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. قارا نىيەتچىلەر بۇ خىل نوپۇزدىن پايدىلىنىشتا ۋە ئۇنى
ساقلاشتا شۇ نوپۇزنىڭ مۇرىتلىرىدىكى ئەقلىي پىكىرنى بوغۇپ، بىر تەرەپلىمە ئەسەبىيلىكنى
ئۇلغايتىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى، ئەقلىي پىكىر قىلىشنىڭ ئۆزى ئەسەبىيلىكنى، قارىغۇلارچە
ئەگىشىشنى رەت قىلىپ، سالقىن، سوغۇققان مىجەزنى، ئىلمىي مۇلاھىزە ۋە ئەقلىي
يەكۈننى تەلەپ قىلىدۇ.

ھالبۇكى، بىز نۆۋەتتە يەنىلا ئەسەبىي، تەنتەك خىياللاردىن قۇتۇلالمىغاندەك قىلىمىز.
بىزگە مىللەت نامى قەيت قىلىنغان ھەممىلا نىمە چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، گەپنىڭ قانداق
بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي، بۇ گەپنىڭ كىم ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتقانلىقى ھەممىدىن بەك مۇھىم
بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. بىز يەن تارىخىدىن قارىغان چېغىمىزدا، شۇنى بىلەلەيمىزكى،
راست گەپ قايناق ھېسسىيات، دەبدەبىلىك سۆزلەردىن بەكرەك پاكىتنى، ئەمەلىي رېئاللىقنى
ئۆزىنىڭ ئاساسى دەپ بىلىدۇ. ئىخىمۇ دۇرۇس قىلىپ ئېيتساق، راست گەپ قىلىش
مەسىلىسىدە كىم ئۈچۈن گەپ قىلىشتىن كۆرە قانداق پاكىتنى ئاساس قىلىش مەسىلىسى
ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، كىم ئۈچۈن گەپ قىلىش مەسىلىسى كۆپ
ھاللاردا ھېسسىيات تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ تونۇش جەھەتتىن ئاسانلا بىر تەرەپلىمى-
لىك، ئەسەبىيلىك تەرەپكە يۈزلىنىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ.

زىيالىيلار بىلىم جۇغلانمىسى ئەڭ مول بولغان ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي قاتلام بولۇش
سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ بىلىش تەرەققىياتىمىزدا كۈچلۈك تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇلارغا
ئۆز بىلىشى، ئەقىل - پاراستى، ئىزدىنىشى، ۋىجدانى ئارقىلىق خەلققە راست گەپ قىلىش
ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. شۇڭا، ئۇلار « دەۋرنىڭ ۋىجدانى» دۇر. ئۇلار دەۋردىكى مودا پىكىر -
ئېقىملارنىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق مۇستەقىل پىكىر
قىلغۇچىلاردۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ « راست گەپ» قىلىش بىلەن تەقدىرى مەھكەم چىگىلگەن.

قەدىمكى ئافىنادا سوقراتنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى، ئىتالىيىدە برونونىڭ ئوتتا
كۆيدۇرۈلۈشى، ئىسلام دۇنياسىدا مەنسۇر ئەللاجىنىڭ دارغا ئېسىلىشى. . . غا ئوخشاش
تالاي تراگېدىيىلەر بىزگە ھېلىھەم ئىنسانلار بىلىشىنىڭ قانلىق تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلە-
تىش بىلەن بىرگە، زىيالىيلار بىلەن « راست گەپ» قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسە-
ۋەتنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇلار پەقەت راست گەپ قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ تارىخى

www.uyghurkitap.com

قىممىتىنى يارىتالىغان ۋە ئىنسان بىلىشىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك، ئەسەبىيلىك، زورلۇق خاھىشلىرىغا ئوت ئېچىپ، ئىنسان بىلىش ئىقتىدارىنىڭ توسقۇنسىز ئىلگىرىلەش خاھىشىنى نامايان قىلىغان ئىدى.

دۇرۇس، پەن تارىخىدا، جۈملىدىن بىلىش تارىخىمىزدا زىيالىيلارنىڭ راست گەپ قىلمىقى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇلار راست گەپ قىلىش ئارقىلىق ئىنسان بىلىشىنى بېيىتىدۇ؛ بىزنىڭ مەسىلىلەرنى بىرلا نۇقتىدىن ياكى بىرلا مەنبەدىن كۆزىتىپ، تونۇش جەھەتتىن بىر تەرەپلىمىلىككە، ئەسەبىيلىككە يۈزلىنىپ كېتىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلىرىنىڭ تونۇش جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەسەبىيلىككە قاراپ يۈزلىنىشى، بۇ مىللەتنىڭ پۈتۈن مىللەت خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىرلا نەرسىگە ياكى بىرخىل تونۇشقا قارىغۇلارچە ئىشىنىش، ئۇنى ئەقلىيلىكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش تەرەققىياتنى بوغىدۇ.

دېمەك، زىيالىيلارنىڭ راست گەپ قىلىشى ياكى قىلالىشى، نوقۇل ھالدىكى پەزىلەت مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەت مەسىلىسىدۇر.

مۇبادا، بىر مىللەت زىيالىيلىرى ئارىسىدا راست گەپ قىلىشقا پايدىلىق مۇھىت تولۇق يېتىلمىگەن بولسا ۋە ياكى ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە قارىتا كەڭ قورساقلىق قىلىدىغان، ھەرقانداق مەسىلىگە نىسبەتەن سالماق، ئەقلىي يوسۇندا تەنقىدىي ياكى گۇمانىي مۇئامىلە قىلىدىغان، قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدىغان مۇنداق ئىلمىي مۇھىت يارىتىلمىغان بولسا، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى پۈتۈن مىللەتنى ئىلىم - پەن روھى بىلەن تەربىيىلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان، يەنە شۇ مىللەت ھەر ۋاقىت دىنىي ياكى باشقا خىلدىكى خۇراپىيلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش خەۋپىدە تۇرغان مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەپسۇس، ھازىرغا قەدەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىلىش دۇنياسىدا مۇكەممەل ئىلىم - پەن سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلمىدى، ھەتتاكى زىيالىيلار ئارىسىدا توغرا بولغان ئىلمىي كەيپىياتمۇ شەكىللىنەلمىگەندەك قىلىدۇ. ئىلىم باھانىسىدە تۆر تالىشىش، تەنتەكلىك، مەنمەنچىلىك، يۇرتۋازلىق . . . قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ھەرگىزمۇ يات ئەمەس. مېنىڭلا راست بولىسىكەن دەيدىغان نوپۇز ئىزدەش قارىشى، باشقىلار ئۆزىدىن ئېشىپ كەتسە چىچاڭشىپ ئولتۇرالمايدىغان غەيرىي پىسخىكا، دەبدەبىلىك، يۇرەكنى تىترىتىدىغان سۆزلەر بىلەن ماقالە يېزىپ بازار ئىزدەش خاھىشى . . . قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ تىنمىسىنى بىزنىڭ روھىيىتىمىزدە يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەقلىي سەۋەنلىك تۇپەيلىدىن تارىختا تارتقان زىيانلىرىمىز، ئەسەبىيلىك تۇپەيلىدىن تارتقان كۈلپەتلىرىمىز يېتىپ ئاشىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمدى ئەسەبىي ھېسسىيات بىلەن خەلقىمىزنى دەيدىغان سېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۆز ئەقلىيلىكىگە ئىشىنىدىغان ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ نېمىنى ياخشى كۆرۈش، نېمىنى ياخشى كۆرمەسلىكنى ئۆزى تاللىيالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

# ئۇيغۇرلارنىڭ مەدداھلىق سەنئىتى توغرىسىدا

ئەخمەت مۆمىن تارىمى

مەدداھلىق — ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خاراكتېرىنى ئالغان ئەنئەنىۋى سەنئەت تۈرى، شۇنداقلا ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىنىڭ بىرى ①بولۇپ، يەنە ھېكايىچىلىق، داستانچىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خاراكتېرىگە، شەكىل جەھەتتىن كۆچلۈك سەنئەت تۈسىگە ئىگە. چۈنكى ئۇنىڭدا بايان قىلىنىدىغىنى قەدىمدىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ھېكايە - داستانلار، ئەپسانە - رىۋايەتلەر بولۇپ، بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ. ئىپادىلىنىش شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇ مەخسۇس بىر ماھارەت ئىگىسى (مەدداھ) تەرىپىدىن ئورۇندىلىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىن ئۇ سەنئەت تۈرىگە مەنسۇپ. مەدداھلىق ئۇيغۇرلاردا بىرخىل ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، مەدداھلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد - ئادەتلىرىنى، خەلق ئىچىدىكى مەشھۇر ھېكايە - داستانلارنى، خەلق قەھرىمانلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت - قىسسىلەرنى، شۇنىڭدەك ئىسلام تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنى ئاغزاكى تىل سەنئىتىگە مۇناسىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ماھارەت بىلەن بايان قىلىشنى كەسىپ قىلغان ②.

ئۇيغۇرلاردا مەدداھلىق سەنئىتىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئەڭ ئاۋۋال ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان شارائىتتا، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنى، ئۇرۇش - جەڭلەرنى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ باتۇرلۇق - قەھرىمانلىقلىرىنى ۋە باشقا خاتىرىلەشكە ئەرزىگۈدەك ئەھۋاللارنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن، جۈملىدىن ئارغامچا تۈگۈش، ياغاچقا ھەرخىل بەلگىلەرنى ئويۇش (بۇخىل ئۇسۇللار دۇنيادىكى باشقا قەدىمكى مىللەتلەردىمۇ بولغان) قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاغزاكى بايان قىلىش ئارقىلىق تارقىتىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغان، مانا بۇ مەدداھلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخىي ئاساس ھېسابلىنىدۇ. بۇخىل ئاغزاكى بايان قىلىش ئۇسۇلىدا، خاتىرىلەش قىممىتى بولغان ئەھۋالاتلار ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرى ياكى ئۇرۇق - قەبىلە ئىچىدىكى مۆتىۋەرلەر تەرىپىدىن ئۆز قوۋملىرىغا، ئاتا - ئانىلار تەرىپىدىن بالىلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد

تارقىلىپ، تەدرىجىي ھالدا بىر مۇكەممەل تۈس ئالغان ئاغزاكى تارىخ بولۇپ شەكىللەنگەن. يېزىق ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، بۇخىل تارىخىي ئەھۋالاتلار تاش پۈتۈكلەرگە ئويۇلۇپ، ئابىدە سۈپىتىدە ساقلانغان (« تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، « كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، « بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر)، شۇنداقلا يەنە ئاغزاكى خاتىرىلەش ئۇسۇلىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغان، جۈملىدىن يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەش بىلەن ئاغزاكى بايان قىلىش بىر - بىرىنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ، ئۆز رولىنى تەڭ جارى قىلدۇرغان. ئەجدادلىرىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا شەھەر مەدەنىيىتىگە كۆچكەندىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 840 - يىلى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار تۇرپان، بەشبالىق ۋە تارىم ئويمانلىقى، يەتتە سۇ، پامىر ئەتراپلىرىغا كېلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھەم قاراخانىلار خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشى، جۈملىدىن ئەدەبىيات، تارىخشۇناسلىق ۋە باشقا ئىلىملەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ھەم قىسسە - رىۋايەت، ھېكايە - داستانلارنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان مەدداھلىق بارا - بارا خەلق ئارىسىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، سەنئەت تۈسىنى ئالغان بىر تۈرلۈك كەسىپكە ئايلىنىپ قالغان.

مەدداھلار ئادەتتە يۇرت ئارىلاپ يۈرىدىغان بولۇپ، بارغانلا يېرىدە بىر نەچچە مەيدان مەدداھلىق ماھارىتى كۆرسىتىدۇ. ھەر مەيدانغا ئاز دېگەندە 40 - 50 كىشى، كۆپ دېگەندە 100 - 200 كىشى يىغىلىدۇ. مەدداھ ئالدى بىلەن كىشىلەر كۆپرەك توپلىشىدىغان جاينى تاللاپ، ئەپلىك سورۇن ھازىرلاپ، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ماھارىتىدىن بەھىر ئېلىشقا جەلپ قىلىدۇ، كىشىلەر توپلاشقاندىن كېيىن، مەدداھ ئۆزى سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئاۋۋال بىر نەچچە كەلىمە سۆز قىلىدۇ، ئاندىن سول قولى بىلەن سول قۇلىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلەر بەكرەك قىزىقىدىغان، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايە - رىۋايەتلەرنى زوق - شوق بىلەن سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بايان قىلىدىغان ھېكايە، داستان، قىسسىلىرى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسى بىلەن، بولۇپمۇ خەلقنىڭ مىللىي پسىخىكىسى ئادەت - ئەنئەنىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئىنتايىن قىزىقىپ ئاڭلايدۇ، بولۇپمۇ ياشانغانلار ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن زېرىكمەي ئاڭلايدۇ. چۈنكى مەدداھلار كەمەك ھەييار، تاھىر - زۆھرە، يۈسۈپ - ئەھمەد، غېرىب - سەنەم، سېيىت نوچى قاتارلىق داستانلارنى سۆزلىگەندە، كىشىلەر ئۆزىنى خۇددى ئەينى ۋاقىتتىكى شۇ ئەھۋاللارغا ئىشتىراك قىلغاندەك ھېس قىلىدۇ. مەدداھ قەدىمكى پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان « شاھنامە» دىن سۆزلەپ، تازا قىزىق يېرىگە كېلىپ: « ئەلقىسسە رۇستەمى باتۇر لەك - لەك لەشكەرلىرى بىلەن بەھەيۋەت يېتىپ كەلدىلەر، خىسراۋغا يولۋاس كەبى تاشلاندىلەر» دەپ توختىغاندا، ئۇنىڭ شاگىرتى ياكى ياردەمچىسى ( كۆپىنچە كىچىك بالىلار بولىدۇ) ئۈنلۈك ئاۋازدا « ھەق راست! » ياكى

« بەرھەق! » دەپ توۋلاپ دوست تارتىشىپ بېرىدۇ. مەدداھ ئۆزىنىڭ بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، سورۇننى ئايلىنىپ يۈرۈپ، قىزىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئاجايىپ ھەۋەستە سۆزلىگەنلىكتىن، ئاڭلاۋاتقانلار ئۆزىنى ئۇنتۇپ پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن ھېكايە ۋەقەلىكىگە بېرىلىپلا كېتىدۇ. شۇڭا ئاڭلىغۇچىلار مەدداھ بىرەر ھېكايە - داستاننى سۆزلەپ بولغاندا، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆز ئىختىيارىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئاتىغانلىرىنى — پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى تاشلايدۇ. مەدداھ ئالاھازەل بىرەر - ئىككى سائەتچە سۆزلىگەندىن كېيىن، سورۇننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ياكى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ.

مەدداھلارنىڭ سەييارە مەدداھلىق قىلىش ئادىتى ئۇلار ئۈچۈن ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىش، توپلاش، تارقىتىش جەريانى بولۇپ، خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ھېكايە - چۆچەك، داستان - قىسسەلەرنى شۇلارنىڭ ئۆگىنىشى، توپلىشى، رەتلەپ قايتا ئىجاد قىلىپ تارقىتىشى نەتىجىسىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلگەن، دېيىشكە بولىدۇ③. بىز مەدداھلىقنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ۋە رولىغا قاراپ، ئاغزاكى تىل ئادىتى بويىچە ئۇنى « مەدداھلىق ئەدەبىياتى» ياكى ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى، مەدداھلارنى تالانتلىق ئەدىب، سەنئەتكار ۋە تەرغىباتچى دەپ ئاتىساق ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

ئۇيغۇر مەدداھلىق سەنئىتى گەرچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى تاشلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەنە سەنئەتكارلار تەرىپىدىن خەلقىمىز ئىچىدە، جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەرنى، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ خالىسانە مېھنەت كۆرسىتىۋاتقان خەلقپەرۋەر شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن يىغىنچە مەزمۇن، يىغىنچە شەكىل بىلەن سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلىپ ئۆز قىممىتىنى ھېلىھەم نامايان قىلماقتا. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەدداھلىق ھېلىھەم ناھايىتى زور بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن زور ئىستىقبالغا ۋە تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە، بۇ پەقەتلا سەنئەتكارلارنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ داۋاملىق تىرىشىشىغا ۋە ئىزدىنىشىگە موھتاج.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① ئابدۇكېرىم راخمان: « ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىلى 1 - نەشرى، 518 - بەت.
③ ② ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: « ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى 1 - نەشرى، 427 - ، 428 - ، 429 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



